ئۆسمۈرلەر

ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ

# ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

少年邓小平：维吾尔文/徐鲁著；牙生·赛依提译．
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.7
（少年励志版红色经典系列）
ISBN 978-7-228-14385-6

Ⅰ.①少… Ⅱ.①徐… ②牙… Ⅲ.①邓小平（1904～1997）
-生平事迹-少年读物-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①A762

中国版本图书馆CIP数据核字（2011）第133729号

责任编辑 托合提·吐尔迪
责任校对 热娜古丽·阿布力米提
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话 (0991)2827472
邮政编码 830001
印　　刷 新疆新华印刷二厂
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32
印　　张 8
版　　次 2011年7月第1版
印　　次 2011年7月第1次印刷
印　　数 1-3000
定　　价 19.00元

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلارنىڭ پۈتۈن يىغىنى تارىخى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
يۆگەكتىكى بوۋاق ........................................ 5
ئىسمىغا باغلانغان ئارزۇ ـ ئۈمىد ........................ 13
داۋالغۇپ تۇرغان يىللار ........................................ 19
پەيفاڭ كەنتىدىكى دىڭ جەمەتى ........................ 24
قايتىدىن باش كۆتۈرگەن «ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە» ........ 31
بامبۇكزارلىقتا ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك چاغلار ........ 40
دارىلئۇلۇمدىكى شاگىرت ........................................ 47
دىڭ ئائىلىسىنىڭ كونا قۇدۇقى ........................ 56
پىلە بېقىش ھويلىسى ........................................ 62
جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ........ 67
بەش يامبۇ نەگە كەتتى ........................................ 74
ئاق يېغىنلىق چوكانتال مەۋسۇمى ........................ 83
چۇجياڭ دەرياسىغا كەلگەن باھار كەلكۈنى ........ 92
تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى داۋامىدا چېنىقىش ........ 99
گۋاڭئەن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ........ 107
«جىگىرنى ئېلىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش» تىراگېدىيەسىنى
توسۇش ........................................ 115
چىڭقىچۇشتە شال ئوتاش ........................................ 128
سۇپىڭشەن تېغىدا ياڭرىغان ناخشا ساداسى ........ 136

تىرىشقىن، ۋاقىت سېنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ ............ 142
«دې ئەپەندى» ۋە «سەي ئەپەندى» ............ 149
فىرانسىيە چۈشى ............ 156
يۇرتىدىن ئايرىلىش ............ 163
بىپايان دېڭىز (1) ............ 170
بىپايان دېڭىز (2) ............ 179
فىرانسىيەگە بارغان دەسلەپكى چاغلار ............ 187
بايېت ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆتكەن دەقىقىلەر ............ 193
پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكى شاكىچىك پىروكاتچىك ........ 198
جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەر ............ 206
هارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدا ............ 214
ياش ئىنقىلابچى (1) ............ 221
ياش ئىنقىلابچى (2) ............ 229
«شاپىگراف دوكتورى» ............ 234
خەير ـ خوش، فىرانسىيە ............ 244

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

1904 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭئەن ناھىيەسى شيېشىڭ بازىرى پەيفاڭ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دېھقان ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل بوۋاق دۇنياغا كەلدى. ئەلۋەتتە، ئەينى چاغدا بۇ بوۋاقنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلىپ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تەسىر قوزغىغان گىگانت ئىنسانغا، ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ۋە ئېلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ يۈكسىلىش سىمفونىيەسىنى يازغان بىر ئەۋلاد ئۇلۇغ ئىنسان ۋە ئۇلۇغ رەھبەرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. بۇ ئۇلۇغ زات دېڭ شياۋپىڭ (1904 — 1997) ئىدى. ئۇ دۇنياغا كېلىپ بىر ئەسىردىن كېيىن، كىشىلەر شەرقىي سىچۈەن تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، بامبۇكزارلىق ۋە ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلىك بۇ كىچىك كەنتكە دىققەت قىلىشتى.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن چۇڭچىڭغا قاراپ يولغا چىققان پويىز ئادەتتە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن گۇاڭئەن ناھىيەسىگە يېتىپ بارىدۇ. 2004 ـ يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا مۇئەللىپ

شەرقىي سىچۈەن تۈزلەڭلىكىدىكى كىشىلەر تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان، ئاسماننىڭ چەت - چۆرىلىرى خىرە - شىرە ئاقىرىشقا باشلىغان بىر چاغدا پويىزدىن چۈشۈپ، چاققانغىنا بىر مىنىبۇسقا ئولتۇردى - دە، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن شىيېشىڭ بازىرى پەيفاڭ كەنتىگە كەلدى.

شەرقىي سىچۈەن تۈزلەڭلىكىنىڭ چەت - ياقىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىك كەنتتە ھەممە نەرسە ناھايىتى تىنچتەك كۆرۈنەتتى. تالاي يىللاردىن بېرى شەرقىي سىچۈەن خەلقى كۈن چىقىشى بىلەن تىرىكچىلىكىنى باشلاپ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن ئارام ئېلىپ، بامبۇكزارلىق بىلەن ئورالغان ۋە مورىلىرىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ كەنتتە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كۈنلىرىنى بىر خىل ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان دېڭ ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا «سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆلچەك بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇنلۇقى پەيفاڭ كەنتىدىكى ئاياللار مۇشۇ يەرگە كېلىپ بەزىلىرى گۈرۈچ يۇسا، بەزىلىرى كىر - قات يۇغاچ، بىر - بىرى بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشاتتى. «سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەك»نى بويلاپ چىغىر يولدا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بۈك - باراقسان ئۈجمىزارلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئېچكىرىسىدە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، ئۆگزىسىگە كۆك كاھىش يېپىلغان كۆتۈرمە ئۆيلەر بار ئىدى. مۇشۇ كاھىشلىق ئۆيلەر دېڭ ئائىلىسىنىڭ پىلە باقىدىغان ئۆيلىرى ئىدى.

كۆك تاشتىن قوپۇرۇلغان خاتىرە راۋىقى كەنتنىڭ سىرتىدىكى چوڭ يولدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىقلار يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەتىيازدا

چېچەكلىگەن قىچالار ئالتۇندەك ساپسېرىق پارقىراپ تۇراتتى. كۆك بىلەن بوي تالاشقان سېرىق دۇپ دەرەخلىرىنىڭ ھەربىر تال ياپرىقى شۇنچىلىك يېشىل ئىدى...

بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى: قىش كېتىدۇ، ياز كېلىدۇ، كۆكلەم كېتىدۇ، كۈز كېلىدۇ؛ كېچىنىڭ ئورنىنى كۈندۈز ئالىدۇ. كۈرمىڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ... تارىخنىڭ چاقى ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ. ۋاقىت گويا ئادەتتىن تاشقىرى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان چەت - ياقىغا جايلاشقان بۇ خىلۋەت قەدىمىي كەنتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

مۇشۇ ئەتىيازدا مۇئەللىپ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى تۇرمۇشى، تەربىيەلىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈستىدە ئىزدەندى ھەم زىيارەتتە بولدى. مەزكۇر كىتابتىمۇ بۇ كەنت ئەڭ دەسلەپ تىلغا ئېلىندى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە بالىلىق چاغلىرىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسى ھېكايە شەكلىدە نەسرىلەشتۈرۈلدى. دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلۇپ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان؛ ئۇ بېيشەندىكى ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاندىن گۇاڭئەن ناھىيەلىك يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاندىن يەنە شۇ ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان؛ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى چۇڭچىڭدا فرانسىيەگە بېرىپ بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ سىچۇەندىن، كېيىن دۆلەت چېگراسىدىن چىقىپ، دۆلەتنى ۋە مىللەتنى قۇتقۇزۇش يولىدا فرانسىيەگە قاراپ يولغا چىققانىدى...

كەنت، ئېتىز ــ دالا، تۆپىلىك، دەريا ــ ئېقىن، ئۈجمىزارلىق، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بوران ــ چاپقۇن، داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردىكى تۈرلۈك ئىدىيەلەرنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە تاسقىلىش، چەت ئەلدىكى سورۇقچىلىق، جاپالىق مېھنەت، بىلىم ئېلىش يولىدا ئۆتكەن تۇرمۇش... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ بىر ئەۋلاد ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئەگرى ــ توقايلىققا تولغان ھاياتىنى، غايە ۋە ھەقىقەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاپتوردىن

2007 ــ يىلى 10 ــ ئاي

# يۆگەكتىكى بوۋاق

ياز بويى چىرىلدىغان تومۇزغىلارغا ئاخىر ھارغىنلىق يەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بوغۇق ھەم ئاجىز چىقىۋاتقانلىقىنى بىر ئاڭلاپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ياز چىقىپ كەتكۈچە سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەكنى ماكان تۇتقان بىر جۈپ ئۆردەكچاق تۇمشۇقلىرى بىلەن پەيلىرىنى تاراپ بۇ يەردىنمۇ ئىسسىق جايلارغا كېتىش ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ يەردىكى مېھماندوست كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىن تومۇز يازنىڭ ھىدى ھېلىھەم كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەرقىي سىچۈەن تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەن كۈزنىڭ مۇزدەك ھاۋاسىنىڭ دۆڭ - يوتىلاردىن ھالقىپ، بامبۇكزارلىقلاردىن ئۆتۈپ، كۈز پەسلىنىڭ تۇنجى يامغۇرى بىلەن تەڭ سەھراغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى.

شۇ كۈنى، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى مىلادىيە 1904 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىدى. چۈشتىن كېيىن، ئۇزۇندىن بېرى يامغۇر ياغمىغان شەرقىي سىچۈەن تۈزلەڭلىكىدە سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. تۈزلەڭلىكتىكى يۇرتداشلار: باش كۈزدىكى تۇنجى ياغقان يامغۇر خاسىيەتلىك يامغۇر، بۇ بىزگە بىر

خۇشاللىقتىن بېشارەت بەرسە كېرەك، دېيىشتى.

دەرۋەقە، گۇاڭئەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان شيېشىڭ بازىرىدىكى بىر ھويلىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بىر بوۋاقنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بۇ ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقىنىڭ فامىلىسى دېڭ، ئىسمى شاۋچاڭ، تەخەللۇسى ۋېنمىڭ ئىدى. يۇرتداشلىرى ئۇنى دېڭ ۋېنمىڭ دەپ ئاتايتتى، خوتۇنىنىڭ فامىلىسى دەن ئىدى. شۇ زامانىنىڭ ئادىتى بويىچە، دېڭ شاۋچاڭنىڭ خوتۇنى دېڭ دەن دەپ ئاتىلاتتى. ئازاب - ئوقۇبەتلىك كونا جۇڭگودا ئاياللارنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئىسمىمۇ بولمايتتى، ئىسىم ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل قىممەتلىك زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى ئىدى. ئۇلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن فامىلىسىنىڭ ئالدىغا ئېرىنىڭ فامىلىسى قويۇلاتتى. ئاندىن كىشىلەر ئۇلارنى «پالانچى خېنىم، پۇستانچى خېنىم» دەپ چاقىراتتى. دېڭ شياۋچاڭنىڭ خوتۇنىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

شۇ تاپتا دېڭ شياۋچاڭ ھويلىدا تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتى، سىم - سىم ياغقان يامغۇردا كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ كارى بولمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەقەززالىق ئەكس ئەتكەن قاراشلىرىدىن بىر خىل خۇشاللىق ۋە ئارزۇ - ئۈمىد بالقىپ تۇراتتى...

ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇلار بىر قىز پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىنى تىلەيتتى. چۈنكى، بىر ئائىلىدە ئوغۇل پەرزەنت بولمىسا، كونا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، دېڭ جەمەتىنىڭ مال - مۈلكىگە كېيىن كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ؟ ئائىلىگە كىم تىرەك

بولىدۇ؟ بۇ چوڭ مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شەرقنى سىچۇەن يېزىلىرىدىكىلەر «ۋاپادار ئوغۇل بولمىسا، جەمەتنىڭ قويرۇقىنى قۇم باسار» دەيدىغان كونا ئەقىدىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بۇنداق يامان ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى قايسىبىر ئەركەك خالايدۇ دەيسىز؟

— ھەي، ئەجدادلىرىم، دېڭ جەمەتىدىكى ئاۋام ئۇچۇن ئۆز نەپسىدىن كەچكەن، ئاجىز - ئاجىزلەرنىڭ بېشىنى سىلىغان، ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلغايسىلەر، مەن دېڭ شاۋچاڭنىڭ تەۋەللۇت بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئوغۇل پەرزەنتىنى ئۆز پاناھىڭلاردا ساقلىغايسىلەر!

دېڭ شاۋچاڭ يامغۇردا قولىنى جۈپلەپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرشئەلادىكى روھلىرىدىن ئۆزىگە ئامەت ئاتا قىلىشىنى ئۈنسىز تىلەيتتى.

— ئاتا - بوۋىلىرىم، ماڭا شەپقەت قىلغايسىلەر، مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزگەيسىلەر، ئوغۇل پەرزەنت كۆرسەم، مەن شاۋچاڭ دادىلىق مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلغان، پەرزەنتىمنى قاتتىق باشقۇرغان بولاتتىم. پەرزەنتىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېڭ جەمەتىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالىدۇ، ئەل - يۇرتقا ۋە خەلقىگە مەسئۇلىيەتچان، ساداقەتمەن ئادەم بولىدۇ، دېڭ ئائىلىسىنى ھەرگىز نومۇسقا قويمايدۇ...

ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن مەدەت تىلەپ، بىر تالاي ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى.

دېڭ جەمەتىنىڭ ھويلىسىدا دېڭ دەنگە تۇغۇت ئانىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلىنغان ئايال تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان يان ئۆيگە توختىماي كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. ئۇ بەك ئالدىراش

ئىدى.

يان ئۆيدىن خوتۇننىڭ ئازابلىق ئاۋازى دەممۇدەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋازدىن شاۋچاڭنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يان ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىغا بىر قارىۋېلىشنى، يۈز - كۆزلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنى شۇ قەدەر خالايتتى. بىراق، بۇ جايدىكى خۇراپىي يوسۇنلار ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن بىر قەدەم ئۆتۈشكە يول قويمايتتى، تۇغۇتلۇق ئايال يەڭگىۋاتقان ئۆيگە ھەتتا ئېرىنىڭ كىرىشىمۇ چەكلەنگەنىدى.

دېڭ شاۋچاڭ نائىلاج ھويلىدا يان ئۆينىڭ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاراپ، تىتىلداپ تۇراتتى. تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئۆيدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن دېڭ شاۋچاڭ ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— كىندىكئانا، سىلىنى جاپاغا سېلىپ قويدۇق، بىرەر شەپە يوقمۇ؟

— ئالدىراپ كەتكىنىڭنى قارا، ۋېنمىڭ، خاتىرجەم بول، مەنلا بولىدىكەنمەن، ئانا - بالا ھەرئىككىسى ئامان - ئېسەن بولىدۇ. تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالاڭ ئانىسىنىڭ باغرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك ئۇنىڭ تېنىگە يېلىمدەك چاپلىشىۋاپتۇ، مۇشۇنداق باللار ۋاپادار كېلىدۇ!

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم! كىندىكئانا، ئۆزلىرى جاپا تارتىپ بوۋاقلارنى بىر - بىرلەپ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇپ كېلىۋاتىدىلا. بۇ كاتتا ساۋاب! چاققان ئۆيگە كىرسىلە، بالىنىڭ ئاپىسى تولغاق ئازابىغا چىدىماي نالە قىلىپ كەتمىسۇن يەنە...

چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغۇچە دېڭ شاۋچاڭ ھويلىدا ياكى يان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا قانچە قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ يۈرگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇنىڭ تېخى ئۈچ ياشقىمۇ كىرمىگەن، ئەمدىلا تىلى چىققان قىزى ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پىستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ:

— دادا... تاماق يە... — دېدى.

ئەسلىدە كەچلىك تاماق ۋاقتى بولغانىدى. لېكىن، دېڭ شاۋچاڭنىڭ تاماققا قانداقمۇ كۆڭلى تارتسۇن! ئۇ ھويلىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىلەرگە قارىدى: يامغۇردىن كېيىنكى مايسىلاردىن كەچتە كۆمۈشتەك ئاقۇچ نۇرلار يالتىراپ تۇراتتى؛ تۇتاش كەتكەن زىلۋا بويلۇق بامبۇكلار سەلكىندە شۇۋىرلايتتى؛ كەچ قالغان كىشىلەر مەشئەل كۆتۈرۈشۈپ، ئېتىزلىقلارنىڭ قىرى بىلەن مېڭىپ كەنتكە قايتىشماقتا ئىدى.

بىردىنلا يان ئۆيدىن بوۋاقنىڭ ياڭراق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىڭە... ئىڭە...

نېمىدېگەن چىلك ئاۋاز بۇ! بۇ ئاۋازنى شۇ تاپتا ھويلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىيالايتتى.

— قۇتلۇق بولسۇن، ۋېنمىڭ، ئوغۇل ئىكەن! — كىندىكئانا شۇنداق دەپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

— راستىنلا ئوغۇلمۇ؟

دېڭ شاۋچاڭ خۇشاللىقىدا نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ كىندىكئانىغا رەھمەت ئېيتقاچ، ئۈچ قەدەم يەرنى ئىككى چامداپ، ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ يان ئۆيگە كىردى.

بۇ چاغدا بوۋاق ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى يىغلاپ تۇرۇپ جاكارلاش «مۇراسىمى»نى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ قاراشلىرىدا پارلىغان ئانىلىق مېھىر - مۇھەببەتتىن تاتلىق

ھۆزۈرلىنىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى.

دېڭ دەننىڭ چىرايى تولغاق ئازابىدىن سەل تاتىرىپ كەتكەندى، ئۆزى ھارغىن كۆرۈنەتتى، ئەمما قاراشلىرىدىن چەكسىز خۇرسەنلىك ئەكس ئېتەتتى. خۇشاللىقىدا ئۆيگە شامالدەك تېز كىرگەن ئېرىنى كۆرۈپ، قاراشلىرى ئارقىلىق كىچىككىنە يۆگەكنى ئىما قىلدى ـ دە، مۇلايىم ئاۋازدا:

— ۋېنمىڭ، دېڭ جەمەتىگىلار ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى! — دېدى.

— ئوغلۇم! مېنىڭ ئوغلۇم!

دېڭ شاۋچاڭ يوغان قوللىرىنى سوزۇپ، يۆگەكتىكى بالىنى قولىغا ئالدى ۋە ئاۋايلاپ باغرىغا ئاستا باستى.

بۇ ياش دادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلىپ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، ئېلىمىز ئىسلاھاتىنىڭ يۈكسىلىش سىمفونىيەسىنى يازغان بىر ئەۋلاد ئۇلۇغ ئىنسانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

يۆگەكتىكى بۇ بوۋاق دېڭ شياۋپىڭ ئىدى.

لېكىن، بوۋاقنىڭ شۇ چاغدىكى ئىسمى دېڭ شياۋپىڭ ئەمەس بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭغا دېڭ شيەنشېڭ دەپ ئىسىم قويغانىدى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان بۇ كەنت سىچۈەن ئۆلكىسى گۇاڭئەن ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 20 چاقىرىم كېلىدىغان بازار — شيېشىڭ بازىرىغا جايلاشقان پەيفاڭ كەنتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى.

بۇ كىچىك كەنت ھازىر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئوغلانىنىڭ بۇ جايدا ئاپىرىدە بولغانلىقى ھەم شۇ جايدا ئەر بولۇپ يېتىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن دۇنياغا تونۇلدى.

دېڭ شيەنشىڭ تۇغۇلغان چاغدا، ئۇمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇغۇلغان بالىلارغا ئوخشاش ئاددىي بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا بالىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھېچقانداق ئالاھىدە تەرەپلىرى يوق ئىدى. خېلى يىللاردىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ قىزى ماۋ ماۋ «دادام دېڭ شياۋپىڭ (1 ـ قىسىم)» ناملىق كىتابىدا: «دادام دېڭ شياۋپىڭ شۇ يىلى ئۆزى بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان بوۋاقلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بوۋاق ئىدى، لېكىن دادام ھازىر مەشھۇر زات، شۇڭا بەزى تۇغقانلىرىمىز ۋە يۇرتداشلار دادام تۇغۇلغان چاغدا قانداقتۇر ئالامەتلەر يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەت توسىنى ئالغان گەپلەرنى قىلىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق» دەپ يازغانىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئىلگىرى ئۆتكەن گېرمانىيەلىك مۇخبىر ئۇل فرانزنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ» ناملىق تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسىرىدە مۇنداق بىر تەپسىلات بار:

«... 1904 ـ يىلى شەرقىي سىچۈەندىكى كىشىلەر ئوغۇل پەرزەنت ئىلاھ ئاتا قىلغان ياخشىلىق، ئوغۇل پەرزەنت ئائىلىسىنى ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا باشلاپ كىرىدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى. قەدىمىي يوسۇن بويىچە ئىشىك بېشىغا ئوقيا ئېسىپ، قولۇم ـ قوشنا ۋە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەنلەرگە ئوغۇل پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى بىلدۈرۈپ قويۇلاتتى. ناۋادا، پەرزەنت قىز بولۇپ قالسا، كىشىلەر ئىشىك

بېشىغا بىر پارچە لاتا ياكى قول ياغلىق ئېسىپ قويۇش بىلەن قانائەتلىنەتتى.»

مۇئەللىپ دېڭىز شياۋپىڭ تۇغۇلغان كەنتنى زىيارەت قىلغاندا مۇشۇ يوسۇن توغرۇلۇق بىر قانچە مويسىپىتتىن ئەھۋال ئىگىلىدى، ئۇلار باشلىرىنى چايقاپ بۇ قاراشنى ئانچە جەزملەشتۈرمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەپسىلاتنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئۇل فرانز يازغان ئوغۇل پەرزەنت «ئائىلىسىنى ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا باشلاپ كىرىدۇ» دېگەن بۇ چۈشەنچىنى خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەجدادلىرى تارىخىدا ئىككى ئەۋلاد ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەسلىك ۋەھىمىسىگە قالغان دېڭ جەمەتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېمىسىمۇ شۇنداق. شۇڭا، كىشىلەر دېڭ شيەنشېڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى دېڭ شاۋچاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىگۈدەك ئىش ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# ئىسمغا باغلانغان ئارزۇ - ئۈمىد

دېڭ شاۋچاڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭغا «دېڭ شيەنشېڭ» دەپ ئىسىم قويدى.

شەرقىي سىچۈەن سەھرالىرىدا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بالىنىڭ ئاپا تەرەپ تۇغقانلىرى، مومىسى ۋە مومىسىنىڭ ئۆيدىكىلىرى يېڭى تۇغۇلغان بالىنى تەبرىكلەش، تۇغۇتلۇق ئايالنى يامان كۆزلەردىن ساقلاش ئۈچۈن بالىنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ يەردىكىلەر شۇنداق قىلغاندىلا بالا ئامان - ئېسەن ھەم كۆڭۈلدىكىدەك چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بۇ قائىدە ئادەتتە بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇ كۈنى دېڭ شاۋچاڭ شيېشىڭ بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ۋاڭشى يېزىسىنىڭ دەنجيا كەنتىگە ئەتىگەندىلا ئادەم ئەۋەتىپ، قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى — بوۋاقنىڭ ئاپا تەرەپ بوۋىسى بىلەن مومىسىنى، شۇنداقلا ئۆز كەنتىدىكى ۋە قوشنا كەنتتىكى ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ داستىخان سالدى.

كۆپچىلىك دېڭ ئائىلىسى ھويلىسىغا جەم بولۇپ، دېڭ شاۋچاڭنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكى شەرىپىگە سالغان داستىخىنىغا خۇشال - خۇرام داخىل بولۇشتى.

زىياپەت ئارىلىقىدا مېھمانلار توختىماي ياخشى گەپلەرنى قىلىشتى، بۇ ئائىلىگە بەخت تىلەشتى. ئادەتتە خەيرلىك

ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان دېڭ شاۋچاڭنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇشتى. بۇنىڭدىن كېيىن دېڭ جەمەتىنىڭ قايتىدىن روناق تاپىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— بۇمۇ ھەرقايسىڭلارنىڭ شاپائىتى، ھەرقايسىڭلارنىڭ شاپائىتى! كۆپرەك ئىچىڭلار، — دەيتتى دېڭ شاۋچاڭ مېھمانلارغا كەينى - كەينىدىن شاراب تۇتۇپ.

بوۋاق ئەمەن ياپرىقى، كاۋاۋىچىن قاتارلىق جۇڭيى دورىلىرى چىلانغان ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇرۇلغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ سۇدا يۇيۇندۇرۇلغان بالا ساغلام، ئامان - ئېسەن چوڭ بولارمىش، ئاغرىق - سىلاق، بالا - قازادىن يىراق تۇرارمىش. يېڭى يۆگەككە ئورالغان بوۋاقنى ئانا تەرەپ مومىسى ۋە ھامىلىرى قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى، بالىنىڭ بەختىنىڭ زىيادە بولۇشىنى تىلەيتتى.

بوۋاقنىڭ ئانىسى دېڭ دەن بېشىنى ئاق لۆڭگە بىلەن چىڭ چىگىۋالغان بولۇپ، ئىچىدىكى خۇشاللىقى چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، خۇشاللىققا تولغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئوغلىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ۋە گۈزەل ئىستىقبالى زاھىر بولاتتى.

— ھەي، قاراڭلار، بۇ بالىنىڭ پېشانىسى كەڭ، بېشى يوغان ھەم يۇمىلاق ئىكەن، ۋېنىمىڭ بىلەن بىر قېلىپتا چىققاندەكلا قىلىدۇ! — دېدى مېھمانلارنىڭ بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا.

— ماڭا بېرىڭلارچۇ، مەن بوۋاقنىڭ چىرايىغا قاراپ باقاي، — مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا تۆردىن ئورۇن ئالغان ئاپپاق ساقاللىق بىر مويسىپىت ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— بەشىنچى بېگىم، سىلى جاھان كۆرگەن زات، — دېدى دېڭ شاۋچاڭ بالىنى ئالمان - تالمان كۆتۈرۈپ كېلىپ، — مالال قىلىدىغان بولدۇق!

بەشىنچى بېگىم دېڭ شاۋچاڭنىڭ ئۆزىنى بۇنچىلىك چوڭ كۆرگەنلىكىدىن ئىچىدە سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، چىرايىغا بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— ۋېنمىڭ، بۇ بوۋاقنىڭ بۇرۇن - قۇلاقلىرى بېجىرىم، بەدەنلىرى ئەتلىك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆزلىرى نۇرلۇق، قاش - قاپىقى كېلىشكەن ئىكەن. بۇ بالا كېيىنكى كۈنلەردە روھى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە كامالەتكە يېتىدۇ، كۆرۈنۈشتە رايىش، ئەمما كەسكىن مىجەزلىك، قوشۇن باشلاپ جەڭ قىلىدىغان سەركەردە بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ... — دېدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ ۋېنمىڭ، بەشىنچى بېگىمنىڭ ئاغزىدىن ئاسانلىقچە بۇنداق گەپ چىقمايدۇ جۇمۇ!

دېڭ شاۋچاڭ ئوقۇمۇشلۇق، مەھكىمىدە تەسىرى بار «ھۆكۈمەت ئادىمى» ئىدى، شۇڭا بەشىنچى بېگىمنىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ كەتمىدى. ئۇنى بەخت تىلەش ئارزۇسىدا ياخشى نىيەت بىلەن دېيىلگەن گەپ دەپ چۈشەندى. ئۇ بەشىنچى بېگىمنىڭ ئالدىدىكى قەدەھكە تولدۇرۇپ شاراب قۇيۇپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ۋە:

— بەشىنچى بېگىم، سىلىنىڭ ياخشى نىيەتتە قىلغان مۇبارەك سۆزلىرى بىلەن قۇتلۇق تىلەكلىرىنىڭ بەرىكىتىدە بالا ئامان - ئېسەن ۋە ساغلام چوڭ بولۇپ، يۇرتداشلارنىڭ ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرسا مېنىڭ مۇرادىم ھاسىل بولغان بولاتتى. قېنى، مەن سىلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرقەدەھ شاراب تۇتاي، — دېدى.
— ۋېنىمىڭ بۇگۇنكى بۇ مەرىكىدىن كېيىن بوۋاقىقا رەسمىي ئىسىم قويۇش كېرەك. سەن بالىغا قانداق ئىسىم قوياي دەۋاتىسەن ! — بەشىنچى بېگىم ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، دېڭ شاۋچاڭ تۇتقان شارابنى كۆتۈرۈۋەتتى - دە، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ دېڭ شاۋچاڭدىن سورىدى.
— شۇنداق، ۋېنىمىڭ. نامى يوللۇق بولمىسا، گەپ - سۆزىمۇ يوللۇق بولمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىسمى - زاتىنى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەم چاقىرىدۇ، ئوبدانراق ئويلان ! — دېدى دېڭ شاۋچاڭنىڭ دەنجىيا كەنتىدىن كەلگەن قېيىنئاتىسىمۇ.
— بەشىنچى بېگىم، قېيىنئاتا، پەيفاڭ كەنتىدىكى دېڭ جەمەتى شەجەرىسىگە: «دىيانەتلىك بولماق، ئاتا ئۈممىدىنى ئاقلىماق، ئەل - يۇرتقا يارامىلىق ئادەم بولماق، بەخت - سائادەت ياراتماق كېرەك» دەپ پۈتۈلگەن. بوغۇن پەرقى بويىچە، بۇ بوغۇننىڭ ئىسمى «شيەن» بولسۇن. پېقىر بالىغا قانداق ئىسىم قويۇش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىرى «شيەنشېڭ» دېگەن ئىسىمنى لايىق تاپتىم. بۇ ئىسىمغا چوڭلار قانداق قارايدىكىن؟
— شيەن... شېڭ؟ بەشىنچى بېگىم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى ۋە:
— ئاڭلىماققا بولىدىغاندەك قىلىدۇ، بۇ ئىسىمدا قانداق خاسىيەت بار؟ — دەپ سورىدى.
دېڭ شاۋچاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بەشىنچى بېگىم، بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن جەزمەن كۆڭزى، مېڭزىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇيدۇ، پەزىلەت

ئىگىلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ، ئەلگە ۋە پۇقرالارغا كېرەكلىك ئادەم بولىدۇ، مەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى «شيەنشېڭ» دېگەن ئىسمىغا باغلىدىم. بۇ بالىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئالىيجاناب ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— باركاللا، بولىدىغان ئىسىم ئىكەن. ئاتىنىڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئاپتۇ، — دېدى بەشىنچى بېگىم قانائەتلەنگەن هالدا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.

— شۇنداق، ۋېنمىڭ. « يەن هەزرەتلىرىنىڭ پەند - نەسىهەتلىرى» ناملىق رىسالىدە يېزىلغان «ئوقۇشقا ئىلهاملاندۇرۇش» دېگەن ئىبارىنى بىلىسەن. ئادەم گۆدەك چېغىدا زېمىنى تۇراقلىق بولىدۇ، قۇرامىغا يەتكەندە پىكىر - خىيالى چېچىلىپ كېتىدۇ، تەربىيە ۋاقتىدا بولمىسا پۇرسەت كېتىپ قالىدۇ. قۇدامۇ ئادەتتە ساڭا بۇ هەقتە تەربىيە بېرەتتى، بۇنىڭدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز بار، سېنىڭمۇ بۇ بالىنى ياخشى تەربىيەلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ ئەل - يۇرتقا يارالمىق ئادەم بولۇپ چىقسا، بۇ دېڭ جەمەتى ئۈچۈن شان - شەرەپ، — دېدى دېڭ شاۋچاڭنىڭ قېيىنئاتىسى.

— بەرهەق گەپ بولدى. مەن ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇ بالىنى ياخشى تەربىيەلەيمەن...

دېڭ شاۋچاڭ شۇنداق دەپ كۆزىنى يۆگەكتىكى بوۋاققا تىكتى. بوۋاقنىڭ ئەتراپىغا مېهمانلار ئولىشىۋالغانىدى. دېڭ شاۋچاڭ ئىچىدە ئوغلىغا:

«ئوغلۇم، بىزنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىمىزنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئوبدان چوڭ بول، جەمەتىڭگە شان - شەرەپ كەلتۈر، ئاتا -

ئاناڭنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ۋە پەيفاڭ كەنتىدىكى يۇرتداشلارنى ئۈمىدسىز قويما !» دېدى ئىچىدە.

شيەنشېڭ ! شيەنشېڭ ! بۇ ئاتىنىڭ ئوغلىدىن كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىم ئىدى. بەش ياشقا كىرىپ خەت - ساۋاتى چىققۇچە «دېڭ شيەنشېڭ» دېگەن ئىسىم دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسلىي ئىسىم - فامىلىسى بولۇپ قالدى.

دېڭ شياۋپىڭ بەش ياشقا كىرگەن يىلى مەكتەپكە كىردى. خۇسۇسىي مەكتەپ مۇئەللىمى ئۇنىڭغا «دېڭ شىشيەن» دەپ ئىسىم قويدى. لېكىن، بۇ كېيىنكى گەپلەر.

دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلىپ يېتىشكە باشلىدى. كېيىن بۇ بالىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟

# داۋالغۇپ تۇرغان يىللار

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان چاغدا ئۇنىڭ يۇرتىدا — چەت ـ ياقىغا جايلاشقان بۇ كىچىك كەنتتە ھەممە مەۋجۇدات تىنچتەك كۆرۈنەتتى. شەرقىي سىچۈەن خەلقى كۈن چىقىشى بىلەن تىرىكچىلىكىنى باشلاپ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن ئارام ئېلىپ، بامبۇكزارلىق بىلەن ئورالغان ۋە مورىلىرىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان مۇشۇ كەنتتە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كۈنلىرىنى بىر خىل ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان دېڭ جەمەتى ھويلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا «سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆلچەك بولۇپ، ھەركۈنى ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇنلۇقى پەيفاڭ كەنتىدىكى ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ، بەزىلىرى گۈرۈچ يۇسا، بەزىلىرى كىر ـ قات يۇغاچ، بىر ـ بىرى بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇشاتتى.

سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەكنى بويلاپ چىغىر يولدا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بۈك ـ باراقسان ئۈجمىزارلىق كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، ئۆگزىسىگە كۆك كاھىش يېپىلغان كۆتۈرمە ئۆيلەر بار ئىدى. بۇ ئۆيلەر دېڭ جەمەتىنىڭ پىلە باقىدىغان ئۆيلىرى ئىدى.

ھويلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نۇرغۇن ئۈجمە دەرەخلىرى بار ئىدى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن بۇ ئۈجمە دەرەخلىرى بىخ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇرۇپ، ياپپېشىل يوپۇرماق چىقىراتتى، ئايالار ۋە بالىلار سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ يوپۇرماقلارنى يۇتىشاتتى. يان ئۆيگە قاتار تىزىپ قويۇلغان بامبۇك سېۋەتلەردىكى پىلە قۇرتلىرى ئۇجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلاتتى.

ئۇجمە دەرەخلىرى ھەر يىلى ئەتىيازدا كۆكىرىپ يوپۇرماق چىقىراتتى، پىلە قۇرتلىرى ھەر يىلى غوزەكلەيتتى. پەيفاڭ كەنتىدىكىلەر بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئاي، يىللارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتىۋېرەتتى.

شۇ چاغلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىدى. لېكىن، پەيفاڭ كەنتىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەر سىرتتىكى دۇنيانى، ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلار چەت ـ ياقا جايلاردا ياشاۋاتقان كىشىلەرگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر قىلاتتى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان شۇ يىلى رۇسىيە بىلەن ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى تالىشىپ ئۇرۇش قوزغىدى. ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ لۈشۈن پورتىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ھەمدە سېئولنى بېسىۋالدى. رۇسىيە فىلوتىمۇ لۈشۈن پورتىغا ئۇسۇپ كىردى.

ئېلىمىزدە 1900 ـ يىلى پارتلىغان يىختۇەن ھەرىكىتى شىددەت بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ئۇ شەندۇڭ يېزىلىرىدىن تېزلىكتە پۈتكۈل مەملىكەتتىكى نۇرغۇن ئۆلكىلەرگە كېڭەيدى. يىختۇەنچىلەر ئەجنەبىيلەرگە قارشى تۇرۇش، ئەجنەبىيلەرنىڭ دىنىنى چەكلەش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جايلاردىكى ئادالەتپەرۋەر ئەزىمەتلەرنىڭ ۋە ئېزىلگەن

www.uyghurkitap.com

دېھقانلارنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. ئەمما، چىرىك، ئىقتىدارسىز چىڭ ھۆكۈمىتى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ھەم يولسىز تەلەپلىرى ئالدىدا جان ساقلاش كويىغا چۈشۈپ، قىلچە قارشىلىق بىلدۈرمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندىغان، دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان بىر قاتار «شەرتنامە»لەر ئىمزالاندى. نۇرغۇن پورتلار ۋە شەھەرلەر كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. قەدىمىي جۇڭگو زېمىنىنى ئاھۇ زار قاپلىدى، نامرات پۇقرالار ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا ئېلىمىز جەمئىيىتى غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىش ھارپىسىدا تۇراتتى. سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم غايىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق جىددىي پەيت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. ئۇلار ئۆلۈمنى كۆتۈپ ئولتۇرماستىن ھاياتلىق يولى ئۈستىدە ئىزدەندى، ھاقارەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئويغىنىش ئىچىدە يالقۇنغا ئوخشاش لاۋۇلداپ ياندى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان شۇ يىلى ئەتىيازدا ئايال ئىنقىلابچى چيۇ جىن كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى سېتىپ، فېئوداللىق ئائىلە تۇزۇمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، جىجياڭدىن ياپونىيەگە باردى، ئۇ ياپونىيەدە دۆلەت ۋە مىللەتنى قۇتقۇزىدىغان ھەقىقەتنى ھەمدە ئۆزى بىلەن مەسلەكداش سەپداشلىرىنى ئىزدىدى.

شۇ يىلى يەنە بىر ئىنقىلابچى چېن تيەنخۇا ئىنقىلابىي پارتىيە تەركىبىدىكى خۇاڭ شىڭ، سۇڭ جاۋرېن ۋە ليۇ كۈي

قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خۇنەن چاڭشادا جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. لېكىن، كېيىن مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، قوزغىلاڭ ئەمەلگە ئاشمىدى. چېن تيەنخۇا بەل قويۇۋەتمەي، شۇ يىلى ئىككىنچى قېتىم ياپونىيەگە ماڭغان پاراخوتقا چىقتى، ئۇمۇ چيۇ جىنغا ئوخشاش چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇش يۈرسىتىگە ئېرىشىش يولىدا داۋاملىق ئىزدەندى.

يەنە شۇ يىلى دېموكراتىك ئىدىيەگە ئىگە مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن سەي يۈەنپېي، تاۋ چېڭجاڭ، جاڭ تەييەن قاتارلىق زاتلار شاڭخەيدە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنى قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار، مەسىلەن، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ئورنى، كۇندىلىك بىلىم جەمئىيىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

دېموكراتىك ئىنقىلاب ئوتى ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يامراپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ، غۇلاپ چۈشۈش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى.

دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغان شۇ بىر يىل ئىچىدە، يەنى 1905 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسچىسى سۇن جۇڭشەن بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي زاتلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى قاتارلىق ئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتلارنى تايانچ كۈچ قىلغان ئاساستا، ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدە ئېلىمىزنىڭ تۇنجى بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتىيەسى ــ جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى تەشكىلاتىنى قۇردى.

سۇن جۇڭشەننىڭ ئىسمى ۋېن، تەخەللۇسى يىشەن بولۇپ، گۇاڭدۇڭ شياڭشەن (هازىرقى جۇڭشەن شەھىرى)لىك. ئۇ ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى ۋە «ئەجنەبىيلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مىنگو دۆلىتى قۇرۇپ، يەرلەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش» تەشەببۇسىنى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسى قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇن جۇڭشەن ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان ئورگان گېزىت ــ «خەلق گېزىتى»گە يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسىدا «مىللىي مەسلەك»، «خەلق هوقۇقى مەسلىكى»، «خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى»دىن ئىبارەت «ئۈچ مەسلەك»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى ئېلىمىزدىكى ئىنقىلابىي زاتلارنىڭ چىڭ هۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇشىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

راۋاقىنى قاپلاپ بوران، كەلدى يامغۇر شەپىسى. داۋالغۇپ تۇرغان يىللارنىڭ بوران ـ چاپقۇنى سىرتتىن گۈركىرەپ كىردى، ئىنقىلاب ئوتىمۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان شەرقىي سىچۈەن دىيارىغا ئاستا ـ ئاستا يامرىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە پەيفاڭ كەنتىدىكىلەر بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالمىدى ياكى پەرۋاسىز قاراپ تۇرمىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالدۇر ئويغانغان كىشىلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى.



# پەيفاڭ كەنتىدىكى دىڭ جەمەتى

دىڭ شياۋپىڭنىڭ دادىسى دىڭ شاۋچاڭ شەرقىي سىچۈەن دىيارىدىكى بالدۇرراق ئويغانغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دىڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان شەخس ئىدى.

لېكىن، قىلساق گەپ تولا. دىڭ شاۋچاڭنى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، گەپنى ناھايىتى ئۇزاق زاماندىن — بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرى دەۋر سۈرگەن مىڭ سۇلالىسىدىن باشلىماي بولمايدۇ.

مىلادىيە 1390 - يىلى جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىنكى خۇڭۋۇنىڭ 13 - يىلى ئىدى. جاھان تىنچىپ، جۇ يۈەنجاڭنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغىنىغا 13 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم چېگرا رايونلاردا ۋە چەت - ياقا جايلاردا يېغىلىق ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ سىچۈەن، سەنشى، يۈننەن، گۇيجۇ قاتارلىق جايلاردا يەرلىك كۈچلەر تاغلىرى ئېگىز، ئوردىدىن يىراق بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا تايىنىپ، ئۆز ئالدىغا تەپرىقچىلىك قىلىپ ئوردا بىلەن قارشىلاشتى.

ئەينى چاغدا سىچۈەندىن ئوردىغا ئەۋەتىلگەن بىر مەلۇماتنامىدە «... سىچۈەننىڭ گۇاڭئەن ئايمىقىدىكى مۇتتەھەم پىڭ پۇگۈي ئۆزىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىم

تۆرەلگەن خانى دەپ جاكارلاپ، پۇقرالارنى كۇشكۇرتۇپ، ئەتراپىغا نەچچە تۈمەن ئادەمنى يىغدى...» دېيىلگەنىدى.

— چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ! بۇ دېگەن ئىسيان كۆتۈرگەنلىك! — دېدى جۇ يۈەنجاڭ مەلۇماتنامىنى كۆرۈپ، شاھانە كۇرسىتىن ئالمان - تالمان تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا، — دەرھال لەشكىرىي پىرقە ئەمەلدارى دېڭ خېشۈەننى چاقىرىڭلار!

شۇ يىلى ئەتىيازدا جۇ يۈەنجاڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، لەشكىرىي پىرقە ئەمەلدارى دېڭ خېشۈەننى لەشكەرلەرگە باش قىلىپ سىچۈەنگە ئەۋەتتى. جۇ يۈەنجاڭ دېڭ خېشۈەننىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىچۈەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

دېڭ خېشۈەن سىچۈەنگە لەشكەر باشلاپ كىرىپ، چۇڭچىڭنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە ئىككى يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان چەت - ياقىغا جايلاشقان قەدىمىي بازار گۇاڭئەنگە بارگاھ تىكتى. يىل بويى داۋام قىلغان پاراكەندىچىلىك، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، سىچۈەننىڭ مۇنبەت يەرلىرى قاقاسلىققا ئايلانغان، ئاھالە شالاڭلاپ كەتكەن، ھەممە يەر چۆلدەرەپ قالغانىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دېڭ خېشۈەننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. سىچۈەندىكى ئۇرۇش ئاستا - ئاستا بېسىقمانىدىن كېيىن، ئۇ پادىشاھقا: «سىچۈەندە نۇرغۇن يەرلەر قاقاسلىشىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر سىرتقا ئېقىپ كېتىشىپتۇ، شۇڭا ئاھالىسى كۆپ خۇنەن، گۇاڭدۇڭلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالە سىچۈەنگە كۆچۈرۈپ كېلىنسە، سىچۈەننىڭ مۇنبەت يەرلىرى پۇقرالارغا جەزمەن باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ، يالغۇز پۇقرالارنىلا ئەمەس، بەلكى

ئوردا ئەمەلدارلىرىنىمۇ سىچۈەنگە ئورۇنلىشىپ، ئۆز مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە يۇقىرىلارغا باش بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بۇ ئالىيلىرىنىڭ چېگرا رايونلارنى ئېچىش، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرىلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق» دېگەن تەكلىپىنى سۇندى. جۇ يۈەنجاڭ دېڭ خېشۈەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى سىچۈەنگە كۆچۈرۈپ كېلىشكە ماقۇل بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھ دېڭ خېشۈەننىڭ ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز مو يەر تارتۇق قىلغانمىش.

شۇنداق قىلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان جياڭشىنىڭ لۇلىڭ دېگەن يېرىدە ياشاپ كەلگەن دېڭ جەمەتى سىچۈەندىكى گۇاڭئەنگە كۆچۈپ كېلىپ، گۇاڭئەننىڭ ۋاڭشى يېزىسى ياۋ پىڭلى كەنتىگە، يەنى ھازىرقى شيېشىڭ بازىرى پەيفاڭ كەنتىگە ماكانلاشقانىكەن.

دېڭ خېشۈەننى دېڭ جەمەتىنىڭ پەيفاڭ كەنتىگە ماكانلاشقان تۇنجى ئەجدادى دېيىشكە بولىدۇ. تۇنجى ئەجدادى دېڭ خېشۈەن زامانىسىدىن دېڭ شياۋپىڭ دۇنياغا كەلگەن زامانغىچە بولغان ئارىلىقتا دېڭ جەمەتىنىڭ نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرى مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋر سۈرگەن ئالتە يۈز يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. «دېڭ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»غا پۈتۈلگەن بوغۇنلارنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە ھېسابلىغاندا، دېڭ شياۋپىڭ دېڭ جەمەتىنىڭ پەيفاڭ كەنتىدىكى 19 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى ئىكەن.

دېڭ جەمەتىدىكىلەر تۇنجى ئەجدادى دېڭ خېشۈەندىن

www.uyghurkitap.com

باشلاپ، بىلىم ئېلىپ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇشنى، ئەل يۇرتىنىڭ ئىلتىپاتىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئائىلىنىڭ مىزانى قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. لەشكىرىي پىرقە ئەمەلدارى بولغان ھەم مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇخانى جۇيۇەنجاڭغا ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەن تۇنجى ئەۋلاد دېڭ خېشۇەن توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىك توختىلايلى. دېڭ جەمەتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادى دېڭ شيەن، ئۈچىنچى ئەۋلادى دېڭ سىشۇن، بەشىنچى ئەۋلادى دېڭ رۇڭ، دېڭ جى، يەتتىنچى ئەۋلادى دېڭ زىدى، دېڭ زىگاۋ، سەككىزىنچى ئەۋلادى دېڭ شىليەن، دېڭ شىچاڭ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىچۇەن تارىخىدا ئىز قالدۇرغان ياكى ئەمەل تۇتقان ۋە ياكى شۆھرەتلىك ئۆلىما ئاتىلىپ، سىچۇەندە نامى چىققان كىشىلەر ئىدى.

ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك داۋام قىلغان مىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا دېڭ جەمەتىدىن بەش - ئالتە نەپەر تەشرىپدار چىققان. سەككىزىنچى ئەۋلاد دېڭ شىليەن چۇڭجېن يىللىرىدا تەشرىپدار بولۇپ، گۇاڭدۇڭنىڭ خېيياڭ ناھىيەسىدە ئامبال ۋە ياساۋۇل بېشى بولغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى گۈيىۋاڭ بىلەن بىللە يۈننەن ۋە بىرمىغا بېرىپ، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسى دىۋانبېگى ۋە باش مۇشاۋىر بولغان، كېيىن دۆلەت ئۈچۈن قۇربان بولغان. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ چيەنلۇڭنىڭ 47 - يىلى ئۇنىڭغا «پەزىلەت ئىگىسى» دەپ نام بەرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، دېڭ جەمەتى «ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە» ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرغان. 11 - ئەۋلادى دېڭ يەننىڭ جىيەنى دېڭ شىمىن چيەنلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1736 - يىلى) تەشرىپدار بولۇپ، دارىلئۇلۇمدا

كىتاب تۈزۈش ھەم ئىلىم سۆزلەش بىلەن مەشغۇل بولغان.
دېڭ ئۆلىمانىڭ گېپى چىقىپ قالدى، گۇاڭىئەنلىكلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ.
ئۆلىما دېگەنلىك فېئوداللىق دۆلەتتە تاللانغان بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستېدات ئىگىلىرىگە قارىتىلغان. دارىلئۇلۇم مۇشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستېدات ئىگىلىرى خىزمەت قىلىدىغان، كىتاب تۈزۈش ۋە تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئورگان ئىدى. شۇ زامانلاردا ئۆتكەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى: تەشرىپدارلىققا ئۆتۈش ئىمتىھانى تەس، دارىلئۇلۇمغا كىرمەك ئۇنىڭدىنمۇ تەس، ئون تەشرىپدارنىڭ ئىچىدە ئاران بىرى دارىلئۇلۇمغا كىرەلەيدۇ، دېيىشەتتى.
دېڭ شىمىن تەشرىپدار بولغاندىن كېيىن، باشتا دارىلئۇلۇمدا كىتاب تۈزۈش، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 10 ـ يىلى (1745 ـ يىلى) ئەدلىيە دىۋانىنىڭ ۋەزىرلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن.
ئەدلىيە دىۋانى ھازىرقى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن تەڭ ئورۇن، ئەدلىيە دىۋانىنىڭ ۋەزىرى ھازىرقى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن تەڭ ئەمەل. مۇشۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشمەك دېڭ جەمەتى ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان كاتتا ئىش ئىدى. شۇ چاغدا، دېڭ شىمىن بېيجىڭدا ئىدى. بۇ قۇتلۇق خەۋەر پوجاڭزا سادالىرى ئىچىدە گۇاڭىئەنىڭ پەيفاڭ كەنتىگە تارقالدى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشتى ھەمدە بۇ كەنتكە بېرىپ، دېڭ ئائىلىسىنى تەبرىكلەشتى. خۇشاللىق يۈزىسىدىن ئەلگە ئۈچ كۈن داستىخان تارتىلدى.
مىلادىيە 1716 ـ يىلى دېڭ شىمىنىنىڭ دادىسى دېڭ لىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېسەل بولۇپ قېلىپ ساقىيالماي قازا قىلىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى تۈزۈمىدە ۋەزىرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قازا قىلىپ كەتسە، يۇرتىغا قايتىپ ئۈچ يىل قارىلىق تۇتۇشقا ئىجازەت بېرىلەتتى. شۇڭا، دېڭ شىمىن بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ گۇاڭئەنگە كەلگەن.

دېڭ شىمىن پاك، ھەققانىي، بىلىملىك زات بولغاچقا، پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، يۇرتداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

دېڭ شىمىن گۇاڭئەندە بولغان كۈنلەردە دېڭ جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇ «دىيانەتلىك بولماق، ئاتىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىماق، ئەل ـ يۇرتقا ياراملىق ئادەم بولماق، بەخت ـ سائادەت ياراتماق كېرەك» دېگەن ئەقىدە بويىچە بوغۇنلارنىڭ رەت تەرتىپىنى تۇرغۇزغانىدى.

دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئوغلىغا «دېڭ شيەنشېڭ» دەپ ئىسىم قويىدى. دېڭ شىمىن تۇرغۇزغان بوغۇن تەرتىپى بويىچە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمى «شيەن» بولۇشى كېرەك ئىدى.

دېڭ شىمىن يۇرتىدا ئاپىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغاچ ۋاقىت چىقىرىپ، گۇاڭئەن ئايىمىقى تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. گۇاڭئەن تارىخى شۇنىڭدىن كېيىن بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە ئېنىق ھۆججەت خاراكتېرىنى ئالدى. گۇاڭئەنلىكلەر دېڭ شىمىننىڭ بۇ تۆھپىسىدىن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مىننەتدار.

دېڭ شىمىن ئۈچ يىللىق قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن پايتەختكە قايتىپ، ئەدلىيە دىۋانىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن

چارچاش تۇپەيلىدىن كېسەل بولۇپ قالغان، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ پادىشاھقا يۇرتىغا قايتىش توغرۇلۇق ئىجازەت سوراپ ئىلتىماس سۇنغاندا، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىغان. ئۆزى ئۇچۇن شۇنچە يىل ئەمەل تۇتقان، ۋەزىپىسىگە سادىق، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان بۇ زاتقا پادىشاھ چيەنلۇڭ «مۆتىۋەر پەدەر» دەپ نام بەرگەن. بۇنداق نامغا ئېرىشكەن ئەمەلدارلار ھەرقانداق ئىشنى بىۋاستە پادىشاھقا مەلۇم قىلالايتتى.

دېڭ شىمىن گۇاڭدۇڭغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلغان. ئوردا دېڭ شىمىننىڭ ئەجىر ـ تۆھپىسى ۋە پەزىلىتىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن دېڭ شىمىننىڭ يۇرتى ياۋ پىڭلىغا ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «ساخاۋەتلىك خاتىرە راۋىقى» تىكلىگەن. كېيىن ياۋ پىڭلى كەنتىنىڭ نامى دېڭ جەمەتى ئەجدادلىرىنىڭ كۆرسەتكەن ھىممىتى ئويۇلغان خاتىرە راۋىقى سەۋەبىدىن، پەيفاڭ (خاتىرە راۋىقى) كەنتىگە ئۆزگەرگەن.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ قىزى ماۋ ماۋ ئۆزىنىڭ «دادام دېڭ شياۋپىڭ (1 ـ قىسىم)» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ناۋادا راستىنلا ناھىيە تەزكىرىسىدە دېيىلگەندەك بولسا، ئۇ چاغدا دېڭ ئۆلىما، ئەدلىيە دىۋانىنىڭ ۋەزىرى دېڭ ئاقساقال ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك، بىلىملىك، تۆھپىكار زات. شۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر بەش يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە دېڭ جەمەتى تارىخىغا ئەڭ شانلىق سەھىپە يېزىپ قالدۇرغان».

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تادرىيسى

# قايتىدىن باش كۆتۈرگەن «ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە»

كۆك تاشتىن قوپۇرۇلغان خاتىرە راۋىقى كەنتنىڭ سىرتىدىكى چوڭ يولدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىقلار يىراق ـ يىراقلارغىچە سوزۇلغانىدى. ئەتىياز پەسلى چېچەكلىگەن قىچىلار ئالتۇندەك ساپسېرىق پارقىرايتتى، ياز پەسلى شال ئېتىزلىرىدىكى شاللار دولقۇنلىنىپ، ئېلۇپەر يوپۇرماقلىرى ئۆركەش ياسايتتى. كۈز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، كۆك بىلەن بويى تالاشقان سېرىق دۇپ دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرى كەھرىۋا رەڭگە كىرەتتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنداق بىر پاكىتنى سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى: قىش كېتىدۇ، ياز كېلىدۇ، كۆكلەم كېتىدۇ، كۈز كېلىدۇ؛ كېچىنىڭ ئورنىنى كۈندۈز ئالىدۇ، كۈرمىنىڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ... تارىخ قەدىمى ھامان ئېغىر ھەم مۇشەققەتلىك. لېكىن، تارىخ چاقى ھەرگىز بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ. ۋاقىت ئادەتتىن تاشقىرى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بۇ چەت ـ ياقىغا جايلاشقان قەدىمىي كەنتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بىز دېڭ جەمەتى توغرىسىدىكى بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىغا، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى يىللىرىغا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا دېڭ

جەمەتى گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئەسلىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە، ئىقتىدارلىقلار چىقىدىغان دېڭ جەمەتى ئاستا - ئاستا ۋەيران بولۇشقا باشلىغانىدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ بوۋىسى دېڭ كېدا پەيفاڭ كەنتىدىكى تىرىشچان، ھۈنەرۋەن كىشى بولۇپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلاتتى، يېرى بەك ئاز بولۇپ، ئۇن نەچچە مودىن ئاشمايتتى، لېكىن ئۇ ئاددىي - ساددا ھەم ئەمگەكچان ئىدى، تىرىقچىلىقتىن باشقا، پىلە بېقىپ يىپەك چىقىراتتى، يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇيتتى. دېڭ كېدا جاپا - مۇشەققەت چېكىپ تاپقان ئازغىنا كىرىمى بىلەن خۇددى ئاغزىدا بىر تالدىن سامان چىشلەپ كېلىپ ئۆزىگە ئۇۋا سالغان قارلىغاچتەك، ئائىلە ئىگىلىكىنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاران ئۆرە قىلدى.

دېڭ كېدا تۇرالغۇسىنى ھەر يىلى كېڭەيتىپ ۋە يېڭىدىن ئۆي سېلىپ، تاملىرى ئاقارتىلغان، ئۈستىگە كاھىش يېپىلغان ئەپچىل قورۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. قورۇ جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان بولۇپ، شەكلى ئات تۇيىقىغا ئوخشايتتى، ئالدى - كەينى چىرايلىق بامبۇكزارلىق ئىدى (بۇ بامبۇكنى شۇ يەرلىك كىشىلەر «قارماق بامبۇك» دەپ ئاتىشاتتى، چۈنكى ھەربىر تۈپ بامبۇكنىڭ ئۈچى قارماققا ئوخشاش پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى).

قورۇدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن سۈيى سۈزۈك كۆلچەك بار ئىدى. كۆلچەك بويلىرىدا ئىگىرگە ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەر بولۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى. كۆلچەكنىڭ سەل نېرىسىدا چاقىقانغىنا ئۈجمىزارلىق، ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدە پىلە باقىدىغان ئۆيلەر بار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىدى. بۇ ئۆيلەرنى ھازىرمۇ بۇ كەنتتىكىلەر «پىلە يېقىش ئۆيى» دەپ ئاتايدۇ.

دېڭ كېىدا كۆلىمى زور بولمىسىمۇ ئۆز قولى بىلەن تىكلىگەن بۇ مۇقىم ھەم مۇكەممەل ئىگىلىكىدىن زوقلىناتتى. ئۇ ئۆز ئىگىلىكىدىن شۇكۇرلۇك، ئىشەنچ ۋە قانائەت ھاسىل قىلىسا كېرەك. ئۇنىڭدىكى شۇكۇرلۇك ۋە قانائەت شۇ چاغدىكى ئېلىمىز سەھرالىرىدىكى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جان باقىدىغان كۆپلىگەن ئەمگەكچىلەرگە خاس شۇكۇرلۇك ۋە قانائەتلىنىش ئىدى.

پەقەت بىرلا ئىش ئۇنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى كەمسۇندۇراتتى، تەشۋىشتىن خالىي بولالمايۋاتاتتى. جەمەتىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىككى ئەۋلاد ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۆزىمۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي كېلىۋاتاتتى.

«تەڭرى جاپاكەش ئادەمنى نائۇمىد قويمايدۇ.» 1886 ـ يىلى، يەنى گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى بۇ ئائىلىدە بىر ئوغۇل بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. دېڭ كېىدا چاڭقاپ كەتكەن مايسا سۇغا ئېرىشكەندەك، خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا سىغماي قالدى.

دېڭ كېىدا جەمەت بوغۇن تەرتىپى بويىچە، ئوغلىغا «دېڭ شاۋچاڭ» دەپ ئىسىم قويدى، تەخەللۇسى ۋېنمىڭ بولدى. دېڭ شاۋچاڭ دەل دېڭ شياۋپىڭنىڭ دادىسى ئىدى.

دېڭ كېىدا خەت ـ ساۋاتى يوق قارىتۇرۇك ئادەم ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر ئەسلەيتتى ۋە چەكسىز ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ

دېڭ جەمەتىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنى، ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنىڭ قايتىلىنىشىنى ئىزچىل ئارزۇ قىلىپ كەلگەچكىمىكىن، ئوغلىنى سەل چوڭ بولغاندا، يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان ئازغىنا ئىقتىسادى بىلەن شۇ كەنتتىكى خۇسۇسىي مەكتەپكە بەردى. ئوغلىنىڭ ياخشى ئوقۇپ، دېڭ جەمەتىنىڭ «ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە»سىنىڭ ئەنئەنىسىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. دېڭ كېدا ئوغلىنى كېيىن باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ئىستىكىدە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىدى.

شەرقىي سىچۇەن يېزىلىرىدا «ياخشى ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولماس» دېگەن گەپ بار. ئوغلىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرگەن دېڭ كېداغا ئوخشاش ياخشى ئادەمگە تەڭرى ئۇزۇن ئۆمۈر بەرمىدى.

ئوغلى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى كېسەل دېڭ كېدانى ياش ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دېڭ شاۋچاڭنى بېقىش ۋەزىپىسى ئېرىدىن تۇل قالغان ئانىسى، دېڭ شاۋپىڭنىڭ مومىسى دېڭ دەيىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

دېڭ دەي ئېرىنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىدا تۇتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوغلىنى تەربىيەلىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئوغلىنى ئوقۇتۇپ، چېڭدۇدىكى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىگە بەرمەكچى بولدى. بۇ ئەينى چاغدا قالتىس يىراقنى كۆرەرلىك ھېسابلىناتتى.

دېڭ شاۋچاڭ مەرھۇم دادىسىنىڭ، تۇل ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ چېڭدۇدىكى سىياسىي ـ قانۇن

مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، بىلىمدە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپلا قالماي، ئۆزىدە دۇرۇس، شەخسىيەتسىز، ئاممىنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرىدىغان ۋە يامانلىقتىن يىرگىنىدىغان ساخاۋەت ئىگىسىگە خاس خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. جەمئىيەتتىكى پۇلدارلارغا ياخشىچاق بولىدىغان، نامراتلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىللەتلەرگە قارىتا، دېڭ شاۋچاڭ مۇستەقىل ئويلىنىش ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

دېڭ شاۋچاڭ ئوقۇمۇشلۇق بولغاچقا، ئەسلىدە ئۇنىڭ سىرتتا مەنسەپ تۇتۇش پۇرسىتى كۆپ ئىدى ھەم ئۆزىدىمۇ شۇنداق ئىقتىدار ھازىرلانغانىدى، لېكىن تۇل ئانىسىنىڭ سەھرادىكى جاپالىق ئەمگىكىنى، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان دېڭ شاۋچاڭ يا مەنسەپ تۇتۇپ سىرتتا قېلىش، يا قايتىپ كېلىپ ۋاپادار ئوغۇل بولۇشتەك قىيىن تاللاش ئالدىدا «ۋاپادار ئوغۇل بولۇش»نى تاللاپ، ئىككىلەنمەستىن پەيفاڭ كەنتىگە قايتىپ كەلدى.

1901 ـ يىلى دېڭ شاۋچاڭ ئون ئالتە ياشقا كىردى. شۇ يىلى تۇل ئانىسى ئۆزى باش بولۇپ ئوغلىنىڭ تويىنى قىلدى. قۇدا تەرەپ گۇاڭئەننىڭ ۋاڭشى يېزىسى دەنجيا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابرۇيلۇق ئائىلە بولۇپ، بولغۇسى كېلىن شۇ ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. قىزنىڭ بوۋىسى خۇبېينىڭ تۇڭچېڭ، جياڭسۇنىڭ جيادىڭ قاتارلىق جايلىرىدا ئامبال بولغانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ ئائىلە تەربىيەسى قاتتىق بولۇپ، ئائىلە ئىقتىسادىمۇ خېلى ياخشى ئىدى، ئىككى ئائىلە بىر ـ بىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ماس كېلەتتى. بۇ توي شەرقىي سىچۈەن سەھرالىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك توي بولدى.

دېڭ دەن ئون سەككىز يېشىدا دېڭ شاۋچاڭغا تەگدى. 1902 - يىلى تۇنجى پەرزەنتى — قىزى دېڭ شيەنلىې، ئىككى يىلدىن كېيىن، 1904 - يىلى ئوغلى دېڭ شيەنشېڭ (دېڭ شياۋپىڭ) دۇنياغا كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە دېڭ شيەنشيۇ (دېڭ كېن) ۋە دېڭ شيەنجى (دېڭ شۇپىڭ) ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئانىسى كېلىشكەن، ئەمگەكچان ۋە ئاق كۆڭۈل ئائىلە ئايالى ئىدى. ئۇ توي قىلغاندىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئېرىنى كۈتۈش، بالىلىرىنى تەربىيەلەش، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، پىلە بېقىپ، پىلە غوزىسى ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. قولىدىن ھەممە ئىش كېلەتتى، بولۇپمۇ ئېرى ئىش بىلەن سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، بىر قولىنى ئىككى قىلالماي تۇرغان بۇ ئايال پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئاستا - ئاستا روناق تېپىۋاتقان دېڭ ئائىلىسىنى قولىغا ئالدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئېلىمىز زېمىنىدا دېموكراتىك ئىنقىلاب بورىنى كۆتۈرۈلگەن، چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بوران - چاپقۇندا لىڭشىپ قالغان دەۋر ئىدى. چېڭدۇدىكى سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان دېڭ شاۋچاڭ گۇاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى سەگەك سىياسىي ئاڭغا، مۇستەقىل ئويلىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئاز ساندىكى زىيالىيلاردىن بولۇپ قالدى.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان دېڭ شاۋچاڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولغاندىن كېيىن، ئوغلىنى ئوبدان چوڭ قىلىش، يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەش، دادىسى دېڭ كېدانىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسى بويىچە «ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە»نىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈچىسە بولاتتى.

دېڭ شاۋچاڭ نەزەر دائىرىسى ۋە غايىسى ئۇنداق تار ھەم ئاددىي ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىدا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، دەپ قارايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئادەم ئىدى؛ دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك، مىللەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن خورلۇق ۋە كۈلپەتنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

چۈڭچىڭنى مەركەز قىلغان شەرقىي سىچۈەن رايونى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ بالدۇر ئۇچرىغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيەسىگە ئىگە مەشھۇر ئەسەر — «ئىنقىلابىي ئارمىيە»نىڭ ئاپتورى، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەرغىباتچىسى ۋە ئاۋانگارتى شى زۇڭ چۈڭچىڭ رايونىنىڭ باشيەن ناھىيەسىدىن ئىدى. «ئىنقىلابىي ئارمىيە» ناملىق ئەسەردىن ياڭرىغان دېموكراتىك سادا كىشىلەرنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، جۇڭخۇا زېمىنىنى لەرزىگە سالدى. بۇ ئەلۇەتتە زۇ رۇڭ بىلەن زاماندىش ھەم يۇرتداش بولغان، يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ۋە دېموكراتىك دولقۇنىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغان شەرقىي سىچۈەنلىك ياش دېڭ شياۋپىڭغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

بۇ ئىشلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ بېكىنمە ھالەتتىكى قاششاق ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا باغلانغان، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېغىر كەمچىل شەرقىي سىچۈەن دېھقانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، دېڭ شياۋپىڭ «ئويغانغان» ۋە «ئاۋانگارت» ئەۋلاد ئىدى. قەدىمىي ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن يۇلقۇنۇپ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىش ھەرقانداق ئادەمدىن ناھايىتى زور جاسارەت ۋە ئالدىن كۆرەرلىكنى تەلەپ قىلاتتى.

كېيىنكى بىر قاتار پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق جاسارەت ۋە ئالدىن كۆرەرلىك دېڭ شياۋپىڭدا ھازىرلىنىپ بولغانىدى. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن شەرقىي سىچۈەندىكى ئەل ئارا تەشكىلات «گېلاۋخۇي»غا قاتناشتى، شىيېشىڭ «پىرىستان بېشى» دا «ئۈچىنچى بېگىم» بولدى، كېيىن «ئەلەمدار»لىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ ئەل ئارىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئاممىنى قوزغاپ، ئەجنەبىي دىنلارغا قارشى تۇرۇش سېپىگە ۋە ئەينى يىللىرى سىچۈەندە پارتلاپ پۈتۈن مەملىكەتكە شۆھرىتى يېيىلغان «تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى»گە قاتناشتى. 1911 ــ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ــ كەينىدە، گۇاڭئەندە «ئىنقىلابىي ئارمىيە» قۇرۇلدى. دېڭ شياۋپىڭ ئىنقىلابىي ئارمىيەنىڭ يېڭى ئەسكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈش باتالىيونىنىڭ كوماندىرى بولدى، ئەسكەر باشلاپ يەرلىكتە كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشتى. كېيىن شىيېشىڭ يېزىلىق قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقلىقىنى، گۇاڭئەن ناھىيەلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قوراللىق كۈچلەرنى مەشغۇلەندۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىدى ھەمدە ئەسكەر باشلاپ بىرىپ خۇايىڭشەن تېغى ئەتراپىدىكى باندىتلارنى يوقاتتى. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇھىمى ئوغلى دېڭ شياۋپىڭنى دۆلەت چېگراسىدىن چىقىپ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ھەقىقەت يولىدا بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە قاراپ يول ئالغان تۇركۇم - تۇركۇم ياشلارنىڭ قاتارىدا شەرقىي سىچۇەندىن يات ئەلگە يولغا سالدى...

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. دېڭ شاۋچاڭنىڭ ئوغلى ئۇلۇغ زاتقا ئايلاندى. كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىنلا دېڭ جەمەتىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە يول ھازىرلىغان شەرقىي سىچۇەنلىك بۇ پەزىلەتلىك ھەم دانىشمەن ئاقساقالغا يېڭىباشتىن نەزەر تاشلىدى ۋە ئۇنى يېڭىباشتىن تونۇدى.



# بامبۇكزارلىقتا ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك چاغلار

كۆكتە تولۇن ئاي جىلۋىلىنىپ، سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ، مورىلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىسلار ھاۋادا لەيلەپ، كۆلچەكتىكى سۇلار يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرغان مەيىن شاماللىق ياز ئاخشىمى. يىڭناغۇچلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ھەركۈنى گۇگۇم پەيتىدە سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەك بويىدىن پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چاققانغىنا ھويلىغا ئۇچۇپ كىلىشىۋالاتتى. يالتىراق قوڭغۇزلار ئىتىزلىقنىڭ قىرىنى بويلاپ، كەڭرى يېيىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار خۇددى يىنىق پانۇسلاردەك كۆرۈنەتتى، گاھ ئۇزۇن كۆك سەپ تۈزەيتتى، گاھ تال - تال سىرىق يىپتەك بولۇۋالاتتى، تۇرۇپ يۇقىرىلاپ، تۇرۇپ پەسلەپ، تۇرۇپ كۆرۈنۈپ، تۇرۇپ كۆرۈنمەي قالاتتى؛ قوغلاپ تۇتماقچى بولسىڭىز ياكى تۇتۇۋېلىپ ئالىقىنىڭىزنى ئېچىپ سىنچىلاپ قاراپ بولغۇچە، قولىڭىزدىن تۇيۇقسىز ئۇچۇپ چىقىپ كىتەتتى...

سەھرا بالىلىرى ئۈچۈن ياز ئاخشىمى قوڭغۇز تۇتىدىغان پەيت. سۇيى مۇزدەك كونا قۇدۇق بېشىدا، سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەك بويىدا، ياپىيېشىل چۆپلۈك ئارىسىدا ۋە خاماندا، سۆسۈن چېچەكلىگەن يىسسىمۇق پۇرچاقلىقتا، ئاق چېچەكلىگەن كاۋىلىقتا ۋە سۇس يېشىل چېچەكلەپ چىتلاقىقا يامىشىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئەتراپىدا... ئىنتايىن كىچىك ھەم چىرايلىق يالتىراق قوڭغۇزلار سەھرا بالىلىرىنىڭ قەلبىدە تالاي شېرىن خىياللارنى ۋە تالاي تەشۋىشلىك ئويلارنى قوزغايتتى. بۇ شېرىن خىياللار، بۇ تەشۋىشلىك ئويلار كىچىككىنە يورۇقلۇقتەك قاراڭغۇلۇقتا پىلىلداپ ئۇزۇنغىچە ئۆچمەيتتى. سەھرا ئاخشىمى ئاجايىپ زوقلىنارلىق مەنزىرىگە ۋە چەكسىز ھاياتى كۈچكە تولاتتى.

كىچىك شىيەنشىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۆت ياشقا كىردى. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك بالا بولدى. ئۇنىڭ يۈزى يۇمىلاق، پېشانىسى كەڭ، قېشى شالاڭ، كۆزى كىچىك ئىدى، لېكىن تۇرقىدىن زېرەكلىك ، تېتىكلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى ئەجدادىنى تارتقان بولۇپ، ياپىلاق ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىك شۇنداق ئاددىي ھەم شۇنداق قىزىق كۆرۈنەتتى. كىچىك شىيەنشىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى، مومىسى ۋە ئاتا تەرەپ مومىسى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالقىنىدىكى مونچاق ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قايسىبىرى بولسۇن، ئۇنى قولىدىن چۈشۈرمەي كۆتۈرۈپ، سىلاپ قانمايتتى، ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىدىن كۆيەتتى.

ئانىسى ئېتىزدا ئىشلەيتتى، بەزىدە پىلە بېقىش ئۆيىگە بېرىپ، ئۈجمە يوپۇرمىقىدا پىلە باقاتتى. كىچىك شىيەنشىڭ بىر ـ ئىككى ياشقا كىرگۈچە مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى. مومىسى ئۇنىڭغا گۇاڭئەننىڭ قەدىمىي ئەللەي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

بىر ئائىلە كىشىلىرى ياز ئاخشىمى ھەمىشە ھويلىدا سالقىنلايتتى. مومىسى يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈگەچ، پەس ئاۋازدا بايىقى ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتاتتى. كىچىك شىيەنشىڭ

ئۇخلىغۇچە ھېرىپ كەتكەن مومىسى ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى.

مانا ئەمدى ئۇ تۆت ياشقا كىرىپ، ھويلىدا پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ ئاچىسى شيەنلىيې ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى ئىدى.

كىچىك شيەنلىيې ئۇكىسىغا بەك كۆيۈنەتتى، كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا گۈزەل دالا مەنزىرىسىنى كۆرسىتەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى — تاش چېچىش، سۇ داۋالغۇتۇش، چېكەتكە بىلەن ئوينىشىش، يىڭناغۇچ تۇتۇش... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئۆگەتتى.

بالىسىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشقا تەقەززا بولغان دېڭ شاۋچاڭ كىچىك شيەنشېڭگە «پىچاق، گەز، ئېغىز، ئادەم، قول، ماڭماق...» قاتارلىق خام خەتلەرنى ئۆگىتىشكە ياكى ئۆزى ئۆگەتكەن قەدىمىي شېئىرلارنى يادلىتىشقا ئارانلا تۇراتتى.

كىچىك شيەنشېڭ ئۈچ يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەدىمىي شېئىرلارنى يادلاشقا باشلىدى. تۆت ياشقا كىرگەندە ئون نەچچە پارچە قەدىمىي شېئىرنى يادلىيالايدىغان بولدى.

— ئاپا، سەن سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىدە بىر كىچىك ئەجدىھا بار ئىدى، شۇنى ئاڭلاشقا مەن بەك ئامراق. يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەرگىنە! — دەپ يالۋۇردى كىچىك شيەنشېڭ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايە بىردىنلا يادىغا كېلىپ.

— ماقۇل، ئېيتىپ بېرەي! — دېدى ئانىسى. ئاچىسى شيەنلىيې ئۇكىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

— سىلەرگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرەي. لېكىن، ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۆتكەندە سۆزلەپ نەگە كەلگەندىم؟

— مېنىڭ يادىمدا بار، مېنىڭ يادىمدا بار! — دېدى كىچىك شيەنشىپىڭ دەرھاللا، — ھېلىقى كىچىك بالا خۇايىنشەن تېغىدىكى پەرىشتە تۇرنا غارىدا پەرىشتە تۇرنا بىلەن بىرلىشىپ يىلان ئالۋاستىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياقۇت بىلەزۈككە ئېرىشىپ، چوجىياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى خەلقنى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىققان يېرىگە كەلگەن.

— بولىدۇ، مەن مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئېيتاي... — شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى ئىككى بالىغا گۇاڭئەندىكى ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى:

... ھېلىقى بالا ياقۇت بىلەزۈككە ئېرىشىپتۇ. پەرىشتە تۇرنا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن بالا ياقۇت بىلەزۈكنى كۆرسىتىپ:

— بوۋا، بوۋا، ياقۇت بىلەزۈكنى ئەكەلدىم. نېمىشقا تېخىچە يامغۇر ياغمايدۇ؟ — دەپتۇ. گېپىنىڭ ئاخىرى چىقا - چىقماستىن «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ چوجىياڭ دەرياسى ۋادىسىغا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ، قۇرۇپ كەتكەن مايسىلارغا قايتىدىن جان كىرىپتۇ، كىشىلەر خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ، بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپتۇ. لېكىن، يامغۇر بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن يېغىپتۇ، توختىماي يېغىۋېرىپتۇ. ئىلگىرى قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزلىقلار دېڭىزغا ئايلىنىپ، ئۆيلەر سۇدا قاپتۇ، پۇقرالار نائىلاج ئېگىز يەرلەرگە كۆچۈشكە باشلاپتۇ. بالا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچى تىتىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بوۋا، يامغۇرنى توختىتىشنىڭ بىرەر ئامالى يوقمۇ؟ — دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا پەرىشتە تۇرنا يەنە ئۇچۇپ كەپتۇ. پەرىشتە تۇرنا:

— يامغۇرنى توختىتىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى شۇكى، ياقۇت بىلەزۈكنى ئاغزىڭغا سال. شۇ چاغدا سەن كىچىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ شەرقىي دېڭىزغا كىرىسەن، ئۇ يەردىن ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيسەن، — دەپتۇ.

تۇرنا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سۇ ئاستىدا قالغان زېمىننى كۆرۈپ، بالىنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك بوپتۇ. يامغۇر شارقىراپ يېغىۋېرىپ، سۇ بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن يۇقىرى ئۆرلەۋېرىپتۇ. كەنتتىكىلەرنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان بالا ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تۇرنىنىڭ گېپىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىپتۇ ھەمدە ئانىسىغا:

— ئاپا، مەن كىچىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كەتسەم، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ سۇ يېنىپ كېتىدىكەن، بولمىسا كەنتتىكىلەر سۇ ئاستىدا قېلىپ، پۇقرالار ئېغىر بالا - قازاغا ئۇچرايدىكەن، — دەپتۇ. ئانىسى ئوغلىغا قاراپ:

— ئوبدان بالام، مېنى ئويلىما، كەلكۈن يېنىپ پۇقرالار نىجاتلىققا ئېرىشىدىغانلا بولسا، ئاناڭ سېنىڭ بېرىشىڭغا رازى. چاققان، چاققان بار! — دەپتۇ. بالا يىغلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، يالتىراپ تۇرغان ياقۇت بىلەزۈكنى يۇتۇۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ يەنە ئانىسىغا چىدىماپتۇ. ئانىسى ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى ئارىسالدى بولما، — دەپتۇ. كىچىك بالا ھودۇققاندەك بوپتۇ - يۇ، ياقۇت بىلەزۈكنى ئاغزىغا سېپتۇ. ھاۋا بىر پەس گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپتۇ. بالا تۇيۇقسىز ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ. يامغۇر توختاپ، شامالمۇ تىنچىپ قاپتۇ. گۈلدۈرماما ۋە چاقماق ئاۋازى بېسىقىپتۇ. كەنتتىكىلەر بۇ بالىنىڭ سۇدا بارا - بارا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سۇدا قايىققا

قاراپ ئۇزسە، سۇمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ ياققا قاراپ ئېقىپتۇ. ئوغلىنىڭ كىچىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانىنىڭ قەلبى بەك ئازابلىنىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ ئەجدىھاغا قاراپ:

— ئوغلۇم ! ئوغلۇم ! — دەپ تۇۋلاپتۇ. ھەربىر تۇۋلىغاندا كىچىك ئەجدىھا توختاپ، كەينىگە بىر قېتىم قاراپتۇ. بالا ئوتتۇز ئالتە قېتىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپتۇ، ئاخىر ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماپتۇ. كەلكۈن يېنىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىدا ھاۋا تەڭشىلىپ، پۇقرالارمۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. كىچىك ئەجدىھا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئانىسىغا قارىغان جاي خەتەرلىك ساھىلغا ئايلىنىپتۇ. كېيىن كىشىلەر بۇ كىچىك بالىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى سۇغا ئاتقان جاينى «كىچىك ئەجدىھا تومشۇقى» دەپ، ئانىسىغا قارىغان چاغدا ئۇنىڭ ئىزى قالغان ساھىلنى «سىجۇ ئانىسىغا باققان ساھىل» دەپ ئاتاپتۇ.

ھېكايە ئاخىرلاشتى. كىچىك شيەنشېڭنىڭ كۆڭلى گويا ھېلىقى كىچىك ئەجدىھانىڭ كەينىدىن يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ چاقناپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاپا، بۇ گەپچە كىچىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كەتكەن ھېلىقى بالا ئانىسىنى كۆرەلمەيدىكەن - دە ! — دېدى ئۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە:

— ئاپا، كىچىك ئەجدىھا نېمىدېگەن ياخشى ! — دېدى بارمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— قانداق، سېنىڭمۇ كىچىك ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كەتكۈڭ

بارمۇ؟ — دېدى ئاچىسى چېقىشىپ.

— ياق، مەن ئاپامدىن ئايرىلمايمەن! ھېلىقى بوۋايدىن ئاپىسىدىن ئايرىلماي تۇرۇپمۇ يامغۇرنى توختىتىشنىڭ چارىسى بارمۇ، دەپ سورايمەن...

— قاراڭلار، بۇ چېچەن پىستەكنىڭ ئامالى نېمىدېگەن تولا! — دېدى دادىسى رەخت توقۇش ماشىنىسىنى ئوڭشىغاچ رازىمەنلىك بىلەن ئوغلىنى ماختاپ.

بۇ چاغدا بىر پەس سالقىن شامال چىقىپ، خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسە ئۆمىلەپ كېلىۋاتقاندەك بامبۇكزارلىقتىن شار - شۇر قىلغان شەپە كەلدى.

ئاچىسى شيەنلىيې كىچىك شيەنشېڭنى ئەتەي قورقىتىپ:

— ۋايجان، جىن كەلدى، چاپسان بول، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى! — دېدى.

كىچىك شيەنشېڭ قىلچە قورقماي ئۆزى يالغۇز تام تۈۋىگە باردى - دە، بامبۇكزارلىققا قاراپ:

— جىن، تېزرەك كەل! مەن مانا ماۋۇ يەردە، مېنى تۇتۇۋال، كېلە... — دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇنچاق چوڭ بولغان ئاچىسى شيەنلىيې قورققىنىدىن دەرھال ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالدى.

سەھرادىكى چاققانغىنا بۇ ھويلا خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام كەيپىياتقا تولغانىدى. كىچىك شيەنشېڭ ئۆزىنىڭ غەمسىز ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى بامبۇكزارلىقنىڭ سايىسىغا چۈمكەلگەن ھويلىدا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دارىلئۆلۈمدىكى شاگىرت

مىلادىيە 1909 ـ يىلى كىچىك شيەنشىڭ بەش ياشقا كىردى. دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنى دارىلئۆلۈمدا خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان جۇ ئاقساقالنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدى.

دارىلئۆلۈم دېڭ ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىغا ئىككى چاقىرىم كېلەتتى. دارىلئۆلۈم ئەسلىدە دېڭ ئائىلىسىنىڭ ئەجدادى — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلىما دېڭ شىمىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ماكانلاشقان چاسا قورۇ ئىدى. بۇ چاسا قورۇنى كىشىلەر «دارىلئۆلۈم» دەپ ئاتىشاتتى. دېڭ شىمىن قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، دېڭ جەمەتىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، كەنتتىكى ئۆسمۈرلەرنى يىغىپ ساۋاتىنى چىقىرىش، كېيىنكى كۈنلەردە دېڭ جەمەتىدىن بىر نەچچەيلەننى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈمىدىدە دارىلئۆلۈمنى ئوقۇش يۇرتى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دارىلئۆلۈمدا پەيفاڭ كەنتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىلدى.

خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى دېڭ ئائىلىسى قوشنا كەنتتىن تەكلىپ قىلغان تالىپ ئىدى. ئۇ ئىمتىھان بېرىپ خەلپەتلىككە ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ، كەنتتىكى بالىلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقارغۇدەك بىلىمگە ئىگە ئىدى.

شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەتىگەندە دېڭ شاۋچاڭ

ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن يېقىملىق ئاۋازدا ئۈنىگدىن:
— شيەنشىڭ، سەندىن سوراپ باقاي، مەكتەپكە كىرىپ، خەلپىتىمگە ئەگىشىپ ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئوقۇش؟ — كىچىك شيەنشىڭنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى ھەمدە:
— ئوقۇغۇم بار، — دېدى.
— شۇنى بىلىۋال، سەن ئەمدى ئوقۇيسەن، كەپسىزلىك قىلساڭ بولمايدۇ. ياخشى ئوقۇمىساڭ خەلپىتىم سېنى پالاققا تارتىدۇ! — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان ئانىسى ئۇنىڭغا جېكىلەپ.
— ئاپا، سەن خاتىرجەم بول، خەلپىتىم مېنى ئۇرمايدۇ، — دېدى كىچىك شيەنشىڭ ئانىسىغا قاراپ كېرىلىپ.
— ھە، نېمىشقا ئۇرمايدۇ؟ — دېدى ئانىسى ئوغلىنىڭ گېپىنى دەماللىققا چۈشەنمەي.
— كەپسىزلىك قىلمىسام خەلپىتىم نېمە دەپ مېنى ئۇرىدۇ؟ — دېدى كىچىك شيەنشىڭ مەردانە ھالدا.
— راست، راست، نېمىدېگەن ئەقىللىق سەن! كەپسىزلىك قىلمىساڭ، خەلپىتىم سېنى پالاققا تارتمايدۇ.
كىچىك شيەنشىڭ ئەتىسى تاڭ سەھەردە خوراز تۇنجى قېتىم چىللىغاندىلا ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئۇچىسىغا قارا رەختتىن تىكىلگەن چاپان، بېشىغا يېڭى شاپاق دوپپا كىيدى. يەنە تېخى كۆك رەختتە چاسا قىلىپ تىكىلگەن پۇختا جىلتىسىنى ئاستى. بۇ نەرسىلەرنى ئانىسى ئاخشام تەييارلاپ قويغانىدى.
لېكىن، قەغەز چاپلانغان دېرىزىدىن ئاسماننىڭ خىرە ـ

شىرە سۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئېتىزلىقلارنىڭ ۋە چىغىر يوللارنىڭ يەنىلا قاپقاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. كىچىك شيەنشېڭ نائىلاج تۆشەككە چىقىپ يەنە ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى.

يان ئۆيدە ياتقان ئانىسى شەپىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ شيەنشېڭنىڭ دادىسىغا ئاغرىنىپ تۇرۇپ:

— نېمە قىلىق بۇ، بالىنى قىيناپ ! — دېدى.

تاڭ ئاخىرى ئاتتى. كىچىك شيەنشېڭ ئەتىگەنلىكى ھاپىلا - شاپىلا ناشتا قىلىپ، دادىسىنىڭ دارىلئۇلۇمغا ئاپىرىپ قويۇشىنى كۈتۈپ، جىلتىسىنى ئاسقان ھالدا ھويلىدا تۇراتتى.

— شيەنشېڭ، مەكتەپكە كىردىڭ، ئەمدى سەن ئەۋلىيا كۇڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ شاگىرتى بولدۇڭ، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇ، خەلپىتىمنىڭ گېپىنى ئاڭلا، داداڭ ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىل، يارامлىق بالا بول، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى ئانىسى خاتىرجەم بولالماي.

— ئاپا، گېپىڭنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن ! خاتىرجەم بول، خەلپىتىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جەزمەن ياخشى ئوقۇيمەن !

ئاتا - بالا ئىككىسى سۇلۇق ئېتىزلىقنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ دۆڭگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

دارىلئۇلۇم دۆڭگە جايلاشقان، شىمالىي سىچۈەن ئۇسلۇبىدىكى چاسا ھويلا بولۇپ، دەرۋازىسى شەرق تەرەپكە قارايتتى، كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە كۆك كاھىش ياتقۇزۇلغانىدى. چاسا ھويلىدا چوڭ - كىچىك بولۇپ ئوتتۇز نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ھويلىدا يەنە سەھنە، زال، يان ھوجرىلارنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ، ئىچكىرى ھويلىغا يوغان چاسا كۆك تاشلار ياتقۇزۇلغان، كۆلىمى ئۈچ يۈز نەچچە

كىۋادرات مېتىر كېلەتتى. ئۆسمۈرلەر ساۋاق ئالىدىغان سىنىپ ئىچكىرى هويلىغا قويۇلغان قورام تاشنىڭ ئۈدۈلىدىكى زالنىڭ نېرىسىدىكى ئۈچىنچى يان ئۆيدە ئىدى.

يان ئۆينىڭ ئۈدۈل تېمىدىكى بۇت تەكچىسىگە «مۇقەددەس كاتتا ئۇستاز كۇڭزى هەزرەتلىرىنىڭ تاختىسى» قويۇلغانىدى. تاختىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەككىز بۇرجەكلىك شىرەدىكى ئىسرىقداندىن جۇ خەلپىتىم بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇڭزى هەزرەتلىرىگە بولغان هۆرمىتىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

دېڭ شاۋچاڭ شيەنشېڭنى ئەگەشتۇرۇپ هويلىغا كىرگەندە، يان هۇجرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ: «... پىلە مەشۇت چىقىرىدۇ، هەسەل هەرىسى هەسەل يىغىدۇ، ئوقۇمىغان ئادەم هايۋاندىن بەتتەردۇر، كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇغان بالا چوڭ بولغاندا ياراملىق ئادەم بولۇر. پادىشاهنى هۆرمەتلىمەك، ئاۋامغا مەنپەئەت يەتكۈزمەك كېرەكتۇر. ياخشى نام قازانغان ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزى يورۇق، ئۆزى ئىستىقباللىق، تۇرمۇشى باياشات بولۇر...» دېگەن ئىبارىلەرنى يادلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

جۇ خەلپىتىم ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان، يادىڭغۇ كەلگەن، ئۈچىسىغا كەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن ئادەم ئىدى. چىرايىدىن تەبەسسۇم كۆرگىلى بولمايتتى. كونا كۆز ئەينەك بۇرنىنىڭ ئۈچىغا چۈشۈپ قالغانىدى. كۆز ئەينىكىنىڭ قۇلاققا قىستۇرىدىغان بىر تەرىپى سۇنۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر تال يىپ بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇ بىر قولىدا شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، كەپسىزلىك قىلىۋاتقانلار بارمۇ ـ يوق دېگەندەك، كۆز ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئالدىدىكى بالىلارغا قارايتتى.

توساتتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاق يادلىشى سەل قالايمىقانلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ قالدى. خەلپىتىم نەزىرىنى بالىلارنىڭ نەزىرى بىلەن تەڭ ئىشىككە يۆتكىدى. ئەسلىدە دېڭ شاۋچاڭ شيەنشېڭنى يېتىلەپ كىرگەنىدى.

دېڭ شاۋچاڭ قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— جۇ خەلپىتىم، جاپا چەكتىڭىز! بۈگۈن ئوغلۇمنى سىلىگە ئەكەلدىم، مالال كۆرمەي، ئۇنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ قويالا، — دە ـ دېدى، قولىدىكى قىزىل بولاقنى سەككىز بۇرجەكلىك شىرەگە قويدى.

— ۋېنمىڭ، كايىپ كېتىپلا، كايىپ كېتىپلا! — دېدى خەلپىتىم تەكەللۇپ قىلغاچ، كىچىك شيەنشېڭنى ئالدىغا تارتىپ، — بالام، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— بەش ياشقا، — دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىۋەتتى، ئاندىن ئوغلىغا:

— بولە، خەلپىتىڭگە باش ئۇرۇپ تەزىم قىل، — دەپ جېكىدى.

كىچىك شيەنشېڭ ھۆرمەت بىلەن جۇ خەلپىتىمگە تەزىم قىلدى ۋە:

— سالام، خەلپىتىم! — دېدى.

— ھى، ياخشى، ياخشى، ئىسمىڭ ـ شەرىپىڭ نىمە؟

— دېڭ شيەنشېڭ.

— دېڭ... شيەنشېڭ؟ — جۇ خەلپىتىم ئاڭلاپ ئىختىيارسىز سەل ئەجەبلەندى، خاتا ئاڭلاپ قالغاندەك بىر خىل ھېسسىياتتا، — ئىسىم ـ شەرىپىڭنىڭ كەينىدىكى خەتتىن ئەۋلىيا دېگەن مەنە چىقامدۇ؟

— شۇنداق، ئىسىم ـ شەرىپىدىكى ئىككىنچى خەتتىن ئەپەندى، ئۈچىنچى خەتتىن ئەۋلىيا دېگەن مەنە چىقىدۇ، —

دېدى دېڭ شاۋچاڭ ئۇپۇل - توپۇل قوشۇمچە قىلىپ.

شۇ ئەسنادا دېڭ شاۋچاڭ جۇ خەلپىتىمنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن غەشلىكنى بايقاپ قالدى.

— ھى، بۇ... بۇ... ۋېنمىڭ ! — دېدى جۇ خەلپىتىم ئىسرىقدانىنىڭ يېنىدا تۇرغان چىلىمنى قولىغا ئالغاچ.

كىچىك شيەنشېڭ بۇ چاغدا سەككىز بۇرجەكلىك شىرە ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان سىلىق پالاقنى كۆرۈپ قالدى.

— جۇ خەلپىتىم، سىلىنىڭ دەيدىغان گەپلىرى بارمىدى؟ — دېڭ شاۋچاڭ جۇ خەلپىتىمنىڭ گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن شۇنداق دېدى.

— مۇنداق گەپ، ۋېنمىڭ... بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى بۇنداق ئاتىسا... بۇ تازا ماس كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ! گەپنى ئوچۇق قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن خاپا بولماڭ. جۇڭگودا ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن زات تارىختا ئۆتكەن كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ بۇزرۇكۋارى، يەنى مۇشۇ بۇت تەكچىسىدىكى كۇڭزى — كۇڭزى ھەزرەتلىرىدۇر. كۇڭزى ھەزرەتلىرى كاتتا ئەۋلىيا، ئۇستاز ئەۋلىيالارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. مۇشتۇمدەك بالىغا «شيەنشېڭ» دەپ ئىسىم قويۇش بەك... بەك... بىمەنىلىكمۇ قانداق؟

ئەسلىدە جۇ خەلپىتىم شيەنشېڭ دېگەن ئىسىمدىن تازا رازى بولمىغانىدى. دېڭ شاۋچاڭ سەۋەبىنى بىلىپ خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— ھەي، بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك! بالىغا ئىسىم قويغاندا بالىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، كۇڭزى تەلىماتى پېشۋالىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىغانلىقىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئىسىم مۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمىغان بولسا، جۇ خەلپىتىم مالال كۆرمەي بالىغا مۇۋاپىق ئىسىم قويۇپ بەرگەيلا، خەلپىتىمنىڭ رايى بارامدىكىن؟

دىلنىڭ شاۋچاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېرى خەلپىتىمنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن چىلىم تارتقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ساقلىنى سىلاپ تۇرۇپ كىچىك شيەنشېڭغا قارىدى ۋە:

— كۆڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ شاگىرتلىرى ئۈچ مىڭ، پەزىلەتلىك شاگىرتلىرى يەتمىش ئىككى ئىدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك نەمۇنە دەپ ئاتالغانىدى. بۇ بالا چىچەن، ئېتىك، تۇغما تالانتلىق ئىكەن، يەنە كېلىپ دىلنىڭ جەمەتىڭلارنىڭ ئىچىدىن تەشرىپدار چىققان. بالىڭىز دارىلئۇلۇمغا خەت ساۋاتىنى چىقارغىلى كەپتۇ، ئەجدادىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ياد ئېتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەجدادىنى بېسىپ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە پەزىلەتلىك ھەم تالانتلىق ئادەم بولغاي! مېنىڭچە بالىنىڭ ئىسمى «شىشيەن» بولسۇن. ۋېنمىڭ، سىزنىڭچە مۇشۇ ئىسىم بولامدۇ؟ — دېدى.

— شى - شيەن؟ بولىدۇ، بولىدۇ. شىشيەن دەپ ئاتايلى. بالامغا ياخشى ئىسىم قويۇپ بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈن سىلىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى دىلنىڭ شاۋچاڭ ئوغلىنى خەلپىتىمگە رەھمەت ئېيتىشقا ئۈندەپ.

— ھودۇقماڭ، ھودۇقماڭ، ئالدى بىلەن كۆڭزى ھەزرەتلىرىگە تەزىم قىلماق كېرەك، ئاندىن ئۇستازىغا تەزىم قىلسا بولىدۇ، — دېدى جۇ خەلپىتىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن دىلنىڭ شيەنشېڭ (ياق، ئەمدى ئۇنى دىلنىڭ شىشيەن دەپ ئاتاش كېرەك) جۇ خەلپىتىمنىڭ تاپىلىشى بويىچە، دادىسى بىلەن بىللە كۆڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ تەزىيە تاختىسى ئالدىدا ئىسرىق سېلىپ، شام يېقىپ، ئاندىن بوت

تەكچىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە كۇڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ تەزىيە تاختىسىغا ھۆرمەت بىلەن ئۈچ قېتىم باش ئۇردى. كۇڭزى ھەزرەتلىرىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ تاپىلىشى بويىچە، كۇڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ تەزىيە تاختىسىنىڭ يان تەرىپىدە راۋۇرۇس ئولتۇرغان خەلپىتىمگە تەزىم قىلدى.

رەسىم - يوسۇن ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جۇ خەلپىتىم سەل تارتىنىپ تۇرغان بۇ كىچىك ئوقۇغۇچىغا مەمنۇنىيەت بىلەن قارىدى ۋە يېڭى كەلگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا دەيدىغان «كونا گەپلىرى»نى باشلىدى.

— ھە، بۇ بالا قائىدە - يوسۇننى بىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئائىلە تەربىيەسىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. كونىلار: «ياشىماق ئۈچۈن ئوقۇماق كېرەك، ئوقۇغان ئادەم ئوڭ بولۇر، ئوقۇمىغان ئادەم توڭ بولۇر» دېگەن. سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئوقۇپ ساۋاتلىق بولىدىغان بولدۇڭ. ئادەم نېمە ئۈچۈن ئوقۇيدۇ؟ بۇنى قەدىمكىلەر دەپ بولغان - ھە. «ئۈچ خەتلىك دەستۇر» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «... ئوقۇغان بالا چوڭ بولغاندا يارامىلىق ئادەم بولۇر. پادىشاھنى ھۆرمەتلىمەك، ئاۋامغا مەنپەئەت يەتكۈزمەك كېرەكتۇر. ياخشى نام قازانغان ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزى يورۇق، ئۆزى ئىستىقباللىق، تۇرمۇشى باياشات بولۇر». سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر تالاي كىشى ئەجدادىڭلارنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلغان ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدىن چىققان. سەنمۇ خۇددى ئىسمىڭغا ئوخشاش پەزىلەتلىك ۋە ئىستېداتلىق ئەجدادلىرىڭنى ياد ئېتىپ تىرىشىپ ئوقۇ، ئاتا - ئاناڭنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزمە، مەن سېنىڭدىن مۇشۇنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە «ياشلىقىڭدا تىرىشمىساڭ قېرىغاندا نادامەتتە قالىسەن»

www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزنى يادىڭدا چىڭ تۇت. ياخشى ئوقۇساڭ جەمەتىڭلارغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈپلا قالماي، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىسەن، دۆلەتكە كۈچ بېرىسەن، پۇقرالارغا بەخت يارىتىسەن... چۈشەندىڭمۇ؟ بۇنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا.

كىچىك شىشيەن كۆڭلىدە: بىر تىنىقتا بىر تالاي سۆزلىگەن تۇرسا، قايسى گېپىنى چۈشىنەي، قايسى گېپى يادىمدا قالسۇن! دەپ ئويلىدى. لېكىن، جۇ خەلپىتىم بىلەن دادىسى ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي غەيرەتكە كېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— خەلپىتىم، ھەممىسى ئېسىمدە قالدى، — دېدى.

— ياخشى، ياخشى، بۇ شاگىرتتىن ئۈمىد بار! — جۇ خەلپىتىم قانائەتلەنگەن ھالدا ساقىلىنى سىلاپ قويدى. ئۇ دېڭ شىشيەنگە سىرتىغا قىزىل بوياق بېرىلگەن بىر كىتابنى بېرىپ، ئۇنى ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ بەش ياشقا كىرگەن بۇ بالا شىپىشىڭ بازىرى پەيفاڭ كەنتىنىڭ دارىلئۇلۇم ھويلىسىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ رەسمىي ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «دېڭ شيەنشېڭ» دېگەن ئىسمى «دېڭ شىشيەن»گە ئۆزگەردى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىسمى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىسمنى 1927 ـ يىلىغىچە ئىشلەتتى. ئۇ ۋۇخەندە پارتىيەنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان چېغىدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىسمىنى يەنە دېڭ شياۋپىڭغا ئۆزگەرتتى.

خۇسۇسىي مەكتەپتە جۇ خەلپىتىم ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى «دېڭ شىشيەن» دەپ ئاتىسا، ئۆيدىكىلىرى، كەنتتىكىلەر ۋە ياشانغانلار ئۇنى «شيەنۋا» دەپ ئاتىشاتتى.

# دىڭ ئائىلىسىنىڭ كونا قۇدۇقى

ئەتىياز يەنە يېتىپ كەلدى.

شەرقىي سىچۈەن يېزىلىرى ئەتىيازدا ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. تۇتاش كەتكەن ئېتىزلىقلاردىكى ساپسېرىق چېچەكلىگەن قىچالار كەنت ئەتراپىدىن يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. كاككۇكلار، بوز تورغايلار ئوچۇق ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. تىنىق ھەۋز ۋە كۆلچەكلەردە ئاسمان، ئۇچار قۇشلار، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار، كۆك بىلەن بوي تالاشقان چىرايلىق ئېرەن، كامفورا، سېرىق دۇپ دەرەخلىرىنىڭ شولىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چىرىگەن يوپۇرماقلار يېپىلىپ ياتقان چىغىر يول ۋە ئېتىز قىرلىرىدا ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ئىمىر - چىمىر ئىزلىرى قالغانىدى، ئۇششاق ئىزلارنىڭ ئورنىدا يىغىلىپ قالغان سۈزۈك سۇلار يالتىراپ تۇراتتى. ئۇۋىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان بامبۇكزارلىق كەكلىكلىرى بىلەن پاختەكلەر يىراقتىكى چاتقاللىقلار ۋە بامبۇكزارلىقلاردا چۇرۇقلىشىپ بىر - بىرىنى يېقىملىق ئاۋازدا چاقىرىشاتتى. ئورمان كەكلىكلىرىمۇ بامبۇكزارلىق كەكلىكلىرى ۋە پاختەكلىرىگە جور بولۇشقاندەك سايرىشىپ، تاغ باغرىنى بويلاپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ھەممە يەردىن كۆك ئوت - چۆپ بىلەن ياۋا گۈللەرنىڭ خۇشبۇيى ھىدى كېلەتتى. تەكشى چېچەكلەپ كەتكەن دادۇرلۇقلاردا دادۇر چېچەكلىرى قاپقارا كۆزلىرىنى ياپراقلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارىسىغا يوشۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەتىياز كېلىشى بىلەن كىچىككىنە خاتىرە راۋىقى شىپاي-تۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت ۋە ئەينۇلا چېچەكلىرىنىڭ ئارىسىدا قالاتتى... بۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى مەسلىھەتلى-شىۋالغاندەك بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كېتەتتى. ياپپېشىل تېرىق مايسىلىرى بىر كېچىدىلا رەڭ ئېلىپ كۆپكۆك بولۇپ قالاتتى. تىنىق سۇلۇق ئېتىزلار ئەتىيازنىڭ ئوچۇق ئاسمىنى ئاستىدا ئەتىياز پەسلىدىكى زېمىن باغرىدا يېيىتىلغان ئەينەكتەك يال-تىراپ تۇراتتى.

بۈگۈن دارىلئۇلۇمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارام ئېلىش كۈنى ئىدى. جۇ خەلپىتىمىنىڭ قايسى قائىدىگە ئاساسلانغانلىقى نامەلۇم، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر ئون كۈندە بىر كۈن قويۇپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلىرىنى ئائىلىسىدە ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ چامىسى يەتكەن ئىشلارنى قىلسۇن، «شال، قوناق، پۇرچاق، بۇغداي، تېرىق، سۆك»لەرنى تونىسۇن، «پىلە مەشۇت چىقىرىدۇ، ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىدۇ» دېگەن گەپنىڭ يولىنى بىلسۇن دېگەن چېغى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە كىچىك شىشيەن ئورنىدىن تۇرۇپ، سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئانىسى بىلەن بىللە كۆكتات يۇغىلى دېڭىز جەمەتىنىڭ كونا قۇدۇقى بېشىغا كەلدى.

بۇ كونا قۇدۇق مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دېڭىز جەمەتى ئەجدادلىرى گۇاڭئەنگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئاز كۈندىن كېيىن قېزىلغانىدى. نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ قۇدۇقنىڭ بېشى قەدىمىي پەيفاڭ كەنتىنىڭ بېشى بىلەن تەڭ ئىدى.

كونا قۇدۇقنىڭ ئاغزى يۇمىلاق بولۇپ، پەلەمپەيسىمان قۇدۇق سۇپىسىغا يوغان كۆك تاش چاسا شەكلىدە

ياتقۇزۇلغانىدى. قۇدۇقتا سۈپسۈزۈك قۇدۇق سۈيى يىل بويى لىپمۇلىق تۇراتتى. قۇدۇق سۇپىسى ئەتراپىدا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، قاچانلا قارىسا كۆكىرىپ تۇراتتى. نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ تىلسىز كونا قۇدۇق بىپايان كۆك ئاسمانغا قاراپ، جۇدۇن - چاپقۇنغا تولغان سىرتقى دۇنيانىڭ تۆت پەسلىدە كۆرۈلىدىغان ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

يۇرتداشلار بۇ كونا قۇدۇقنى «ئالغانغا تۈگىمەيدىغان، ئىشلەتكەنگە خورىمايدىغان بىباھا قۇدۇق» دەپ ئاتىشاتتى. پۈتكۈل كەنتتىكىلەر مۇشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلىنەتتى. بۇ كونا قۇدۇقنىڭ سۈيى قىشتا ئىللىق، يازدا مۇزدەك، شۇنداقلا پاكىز ھەم تاتلىق ئىدى.

كونا قۇدۇق سۇپىسى چوڭلار ھەم باللار ئەڭ ئامراق يەر ئىدى. ياشانغانلار كونا قۇدۇق سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ سېرىق تاماكىلىرىنى چەككەچ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بەزى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. بولۇپمۇ دېڭ جەمەتىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن دېڭ جەمەتى كىشىلىرى ۋە ئالاقىدار ئىشلارنى كۆپرەك تىلغا ئېلىشاتتى. ئاياللار كونا قۇدۇق سۇپىسىدا كىر - قات يۇغاچ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈشكە خۇشتار ئىدى. باللار قوغۇنىسىمان چىراغلارنى كۆتۈرۈشۈپ، كونا قۇدۇق ئەتراپىدىكى چۆپلۈك ئارىسىدا غىل - پال چىپىلىقىپ قالىدىغان يالتىراق قوڭغۇزلارنى تۇتۇشقا ئامراق ئىدى ياكى سالقىنلىغاچ، ئاسماندىكى بىھېساب يۇلتۇزلارنى سانىشاتتى.

چوكانتال مەۋسۇمى ئۆتۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئالدى - كەينىدە ياغقان يامغۇردىن كېيىن، كىشىلەر ئېتىزغا ئىشلەشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

كېتىۋېتىپ كونا قۇدۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغان، تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان جايى ئىدى.

دېڭ ئائىلىسىنىڭ كونا قۇدۇقى قەدىمىيلىكى بىلەن كەنتتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى قوزغايتتى. خاتىرە راۋىقى كەنتتىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىگە تولغان پۈتكۈل تارىخىغا مۇشۇ كونا قۇدۇق گۇۋاھ ئىدى!

شىشيەن ئانىسى بىلەن بىللە قۇدۇق بېشىغا كەلگەن چاغدا، بالدۇرراق كەلگەن بىر نەچچە ئايال كۆكتات ئادالىغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار شىشيەننىڭ ئانىسى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ھوي، شىشيەن! ئاناڭنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بوپسەن - ھە! بۈگۈن ئەجەب مەكتەپكە بارماپسەنغۇ؟ جۇ خەلپىتىم سېنى ئالمىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى.

ئۇلارنىڭ قەستەن ئۆزى بىلەن چېقىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شيەنۋا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— چىن ئانا، ئۇنداق ئەمەس! بۈگۈن بىزنى جۇ خەلپىتىم ئۆيدە بىر كۈن ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن قويۇۋەتتى، — دېدى.

— ھەي شيەنۋا، ئاڭلىسام سەن بەك تىرىشىپ ئوقۇيدىكەنسەن، ھەركۈنى «قىزىل تۇخۇم» ئالىدىكەنسەن، خەلپىتىممۇ پالاقتا تارتىپ باقماپتۇ. ماڭا بىر بېيىت ئېيتىپ بەر، ئاڭلاپ باقاي قانداق؟

— بېيىت بەك كۆپ، سىلى قايسى بېيىتنى ئاڭلايلىكىن؟

كىتاب يادلاش شىشيەنگە تەس كەلمەيتتى. قاراڭلار، ئۇ شۇ

تاپتا قەددىنى تىك تۇتۇپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ كىتاب يادلاۋاتقان قىياپەتكە كىردى.

— ھېلىقى «پىلە باققۇچى» دېگەن بېيىتنى ئېيتىپ بەرگىن بولمىسا، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان ئانىسى كۆلگەن پېتى ئوغلىنىڭ ئېسىگە سېلىپ.

— ماقۇل، ئەمىسە مەن يادلىدىم — «شەھەرگە كىرگەنىدىم تۈنۈگۈن، يىغىدىن ھۆل بولۇپ كەتتى ياغلىقىم. سەپسالسام پىلە باققۇچى ئەمەس، تاۋار - دۇردۇن كىيگەن قايسىبىر بېگىم...»

شىشيەنىڭ قىلچە ھودۇقماي سۆزمۇسۆز يادلاپ بەرگەن چاغدىكى تۇرقى ئەپەندىچاقلارنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى.

— شيەنۋا، ئەجەب بىر قىسما گەپلەرنى دەپ كەتتىڭغۇ؟ بىزگە يېشىپ بەرگىن بولامدۇ؟

— بۇ دېگەنلىك مەن تۈنۈگۈن بازارغا بېرىپ بىئارام بولۇپ ياندىم، مەن بازاردا تاۋار - دۇردۇن كىيگەنلەرنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز قولى بىلەن پىلە بېقىپ رەخت توقۇغانلارنىڭ بىرىمۇ يوق ئىكەن، دېگەنلىك.

— راست دەيسەن، قارا، ئاناڭ بىلەن بىز كۈندە ئۈجمە يوپۇرمىقى ئۈزۈپ پىلە باقىمىز، مەشۇت تارتىپ، رەخت توقۇيمىز. بىرەر گەز يىپەكتىن كىيىم تىكىپ ئۈچىمىزغا ئارتىشقا كۆزىمىز قىيمايدۇ!

— چوڭ ئانا، ئەجەب توغرا دېدىلە، جۇ خەلپىتىم، بۇ دېگەن ئادالەتسىزلىك، دەيدۇ. جۇ خەلپىتىم بىزنى ياخشى ئوقۇپ بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. پىلە بېقىپ يىپەك توقۇيدىغانلارمۇ تاۋار - دۇردۇندىن كىيىم كىيسۇن! — شىشيەن ئاياللارغا جىددىي تەرزدە شۇنداق دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئۇ ھەقىقەتەن ئىش ئۇقمىدىغان بالا بوپتۇ! ياخشى ئوقۇپ پاتراق چوڭ بولسۇن! بىز ئۇمىدىمىزنى شيەنۋاغا باغلىدۇق! ھوي شيەنۋا، كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ ئەمەلدار بولساڭ بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغىن جۇمۇ!

— چوڭ ئانا، مېنى زاڭلىق قىلمىسىلا... ئانام ماڭا دېگەن، ئەجدىھا دەرۋازىسىدىكى ھېلىقى ئامبالدەك ھەرقانچە چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتسەممۇ يەنىلا يۇقىرانى ئويلايمەن!

— ھە، ئانىسى ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى تەربىيەلەپتۇ، شۇڭا شيەنۋا مۇشۇنداق چىچەن بالا بوپتۇ! — ئاياللار شۇنداق دېيىشىپ شيەنۋانى قايرىپ قويۇپ ئانىسىنى ماختاپ كېتىشتى.

يوغان بىر سېۋەت كۆكتات بىردەمدىلا ئادالىنىپ، يۇيۇلۇپ بولۇندى.

— شيەنۋا، ئاچاڭ بىللە بېقىش ئۆيىدە ئۇجمە يوپۇرماقلىرىنى يېيىۋاتىدۇ، سەن ئوينىغاچ ئاچاڭنىڭ يېنىغا بارغىن. يادىڭدا بولسۇن، دەرەخكە چىقىقۇچى بولما، دەرەختە ھەرە كۆنىكى بار، — دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا.

— ھە، بەك ئوبدان بولدى. ئۇجمە يەيدىغان بولدۇم، — دېدى مېڭىشقا تەمشەلگەن شىشيەن. لېكىن، ئۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي، — كۆكتاتلارنى كۆتۈرۈپ كېتەلەمسەن؟ — دېدى ئانىسىغا يەنە.

— ئوبدان بالام، ئاناڭ تېخى ئۇنچە قېرىپ كەتمىدى! — دېدى ئانىسى.

ئانىسى ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق ئىش بىلىدىغان، ئۆزگە كۆيۈنىدىغان ئوغۇل بولغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى.



# پىلە بېقىش ھويلىسى

پىلە بېقىش ھويلىسى دېڭ ئائىلىسىنىڭ كونا قۇدۇقىغا يېقىن بولۇپ، سۈزۈك سۇلۇق كۆلچەكنى ياقىلاپ دۆڭگە چىقسىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

ئۇجمە يوپۇرمىقى ئۈزۈپ پىلە باقىدىغان مەۋسۇم يېتىپ كەلگەندە، پەيفاڭ كەنتىدىكى ھەممە ئائىلە پىلە جازىلىرىنى رەت - رەت تىكلەپ، جازىلارنىڭ ئۈستىگە پىلە شازىلىرىنى قوياتتى. ئاياللار ئەتىگەندىن - كەچكىچە پىلە شازىسى ئەتراپىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى. ئالدىراشچىلىقتا دائىم دېگۈدەك تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمايتتى.

دېڭ ئائىلىسىنىڭ پىلە بېقىش ھويلىسى دېڭ جەمەتى ئەجدادلىرىدىن قالغان. بۇ ھويلا ئۇجمە يوپۇرمىقى بىلەن پىلە باقىدىغان، پىلە غوزىسى قايىنىتىپ مەشۇت چىقىرىدىغان سەينا ئىدى. ھويلىدا چوڭ - كىچىك سەككىز ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئالدى - كەينىگە پاكار - پاكار ئۇجمە دەرەخلىرى قويۇق تىكىلگەنىدى.

قىش كۈنلىرى كىشىلەر ئۇجمە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ يالىڭاچلاپ قوياتتى. يالىڭاچ دەرەخ ئاچىلىرى ئادەمنىڭ مۇشتىغا ئوخشاپ قالاتتى، ئەتىياز پەسلى چوكانتال مەۋسۇمىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يۇمران شاخلار پەيدا بولۇپ، قويۇق ۋە يۇمران يوپۇرماق چىقىراتتى.

ئۆجمە دەرەخلىرى كىشىگە گويا بىر كىچىدىلا باراقسان بولۇپ، يوپۇرماقلىرى يوغىناپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈزۈۋېلىنىپ پىلە بېقىشقا تەييارلىناتتى.

ئۆجمە پىشقان چاغدا، باللار دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ شىرنىلىك ئۆجمىلەرنى يېيىشكە ئامراق ئىدى، ئۆجمىنى تولا يەۋەرگەچكە، كالپۇكلىرى سۆسۈن لەۋ سۇرۇخى سۈرگەندەك سۆسۈن كۆرۈنەتتى.

چوڭلار غوزەك ئېلىپ، مەشۇت چىقىرىش ئۈچۈن ئۆجمە يوپۇرمىقىدا پىلە باقاتتى. باللارمۇ ئۆجمە دەرەخلىرىدىن ياۋا پىلە قۇرتلىرىنى تۇتۇپ بېقىشقا ئامراق ئىدى. ياۋا پىلە قۇرتى چوڭ بولۇپ غوزەكلەيتتى، غوزىكى ناھايىتى نەپىس ئىدى. كەپىسىز باللار پىلە غوزىكىدىن تۆشۈك ئېچىپ، بارماقلىرىغا كىيدۇرۇۋېلىپ، كىچىك جىنلارنىڭ قىياپىتىنى دوراپ ھەمراھلىرىنى قورقىتاتتى. ئەقىللىق تاپقان باللار پىلە غوزەكلىرىنى يىغىپ، پىلە مەشۇتىدىن پايدىلىنىپ مەشۇت تور توقۇپ، ئۇنىڭغا سىياھ قۇتىسى سالاتتى.

شىشيەن پىلە بېقىشقا ئامراق ئىدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ دەرسلىرىنى تەكرارلاپ بولۇپلا يۇدۇمە سېۋىتىنى ئېلىپ ئاچىسى بىلەن بىللە پىلە بېقىش ھويلىسىغا كېلەتتى ـ دە، ئۆجمىزارلىقتىن ئۆجمە يوپۇرمىقى ئۈزۈپ، پىلە بېقىش ئۆيىگە قويۇلغان شازىلارغا يوپۇرماق يېيىتاتتى. ئۇ پىلە قۇرتلىرىنىڭ يوپۇرماق يېگەن چاغدىكى «شىتىر ـ شىتىر» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى.

ئەتىياز پەسلى پىلە قۇرتلىرى بەك تېز چوڭ بولاتتى، ھالىتى ھەركۈنى ئۆزگىرىپ تۇراتتى. پىلە قۇرتلىرى

يوپۇرماقنى بەك جىق يەيتتى، ئەتىگەندىن - كەچكىچە يەپ ئاغزى بېسىقمايتتى. سىز پىلە بېقىش ئۆيىدە پىلە قۇرتلىرىنىڭ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى «شىتىر، شىتىر، شىتىر» ئاۋاز چىقىرىپ تېز - تېز يېگىنىنى كۆزەتسىڭىز، «پىلە قۇرتىدەك يېيىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.

شىشيەن ئۈزۈپ كەلگەن ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى شازىغا يېيىتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئالا - چىپار پىلە قۇرتلىرى لۆمشۈپ، ئۈجمە يوپۇرماقلىرى تېگىدىن ئۆمىلەپ ئۈستىگە چىقىشاتتى - دە، يوپۇرماقلارنى ھەش - پەش دېگۈچە يەپ بولاتتى.

— نېمىدېگەن ئىشتەيلىك! ھەقىقەتەنمۇ «ئەۋلىيا قۇرتلار» ئىكەن! — شىشيەن ئىختىيارسىز پىلە قۇرتلىرىنى ماختاپ كەتتى.

— ئۇكام، بۇ پىلە قۇرتلىرىنى نېمە دەپ «ئەۋلىيا قۇرت» دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئاچىسى ئۇنىڭدىن سەل ئاڭقىرالماي.

— بۇ گەپنى ماڭا بازاردىكى ھېكايىچى چوڭ ئاپا دەپ بەرگەن.

شىشيەن ئاچىسىغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: قەدىمىي جۇڭگودا پىلە بېقىپ يىپەك توقۇيدىغان خۇاڭ داۋبۇ ئىسىملىك بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئايال نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەرنىڭ يەيدىغانغا ئاشلىقى، كىيىدىغانغا كىيىمى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، تەڭرىدىن ئازراق «ئەۋلىيا قۇرت» بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ «ئەۋلىيا قۇرت»لارنى تىلەپ ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىپتۇ، ئۇلارغا ئۈجمە دەرىخى تىكىش، ئۈجمە يوپۇرمىقى ئۈزۈشنى، «ئەۋلىيا قۇرتلار»نى بېقىشنى ئۆگىتىپتۇ. مۇشۇ «ئەۋلىيا قۇرتلار» پىلە قۇرتلىرىنىڭ ئۆزى شۇ! پىلە قۇرتلىرى چوڭ

بولغاندىن كېيىن، يىپ چىقىرىپ غوزەكلەپتۇ. كىشىلەر يىپەكتىن تاۋار - دۇردۇن توقۇپ، كىيىم - كېچەك تىكىپتۇ، كىيىم - كېچەك ۋە يىپلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلغا ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋاپتۇ.

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە! — دېدى ئاچىسى ھەيران بولۇپ، — ئۇ ئايالنىڭ ئەجەب كۆڭلى ياخشى ئىكەن جۇمۇ!

— شۇنداق! — دېدى شىشيەن، — جۇ خەلپىتىم بىزگە «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»دىكى پىلە قۇرتىغا ئائىت بايانلارنى سۆزلەپ بەردى: پىلە قۇرتى يىپەك چىقىرىدۇ، ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىدۇ. ئوقۇمىغان ئادەم ھايۋاندىن بەتتەردۇر.

— بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن. پىلە قۇرتى يىپەك چىقىرىدۇ، كىشىلەر يىپەكتىن كىيىم تىكىدۇ، ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىدۇ، كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. كىملا بولسۇن ياخشى ئوقۇمىسا، مۇشۇ كىچىك جانىۋارلاردەكمۇ بولالمايدۇ.

— توغرا، توغرا دېدىڭ، — «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»نى ئاچىسىنىڭمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان شىشيەن ئەجەبلىنىپ ئاچىسىدىن سورىدى، — ئاچا، سەن مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ ئەجەب بىلىدىكەنسىنا؟

— ئاپام سۆزلەپ بەرگەن! ئاپام يەنە پىلە قۇرتى پاك - پاكىز يىپەك چىقىرىپ بولۇپ، غوزىنىڭ ئىچىدە تونجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. پىلە قۇرتى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ، دېدى. ئاپام ئادەم بولۇشنى نىيەت قىلغان ئادەم پىلە قۇرتىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشى، ئۆزىنىلا ئويلىماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتتى...

— ئادەم بولۇشنى نىيەت قىلغان ئادەم پىلە قۇرتىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشى، ئۆزىنىلا ئويلىماسلىقى كېرەك... شىشيەن شازىغا ئۇجمە يوپۇرمىقىنى يېيىتقاچ، ئانىسىنىڭ سۆزى ئۇستىدە ئويلاندى.

شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە، ئۇ شۇ يېشىدا ئانىسىنىڭ دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسا كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئاياندىكى، ئانىسى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ مېھرىبان ئانا ئىدى. ئانىسى ھەممىشە ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى. چۈنكى، ئانىسى ئادەتتە دائىم باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى ئويلايتتى.

ئانىسىنىڭ گېپى شىشيەننىڭ بالىلىق قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. بۇ گەپلەر شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى ھەمدە ئۇزاق ئۆمۈر مۇساپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# جۇدۇن - چاپقۇنلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلى، يەنى مىلادىيە 1910 - يىلى دېڭ شىشيەن يەتتە ياشقا كىردى. شۇ يىلى شيېشىڭ بازىرىدا تۇنجى مەكتەپ — بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغدا ئېلان قىلغان «مەكتەپ ئېچىش نىزامنامىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئادەتتىكى مەكتەپلەر ئۈچ باسقۇچ، يەتتە دەرىجىگە ئايرىلغان: بىرىنچى باسقۇچ باشلانغۇچ مائارىپ، جۈملىدىن ساۋات چىقىرىش بولۇپ، تۆت يىل، باشلانغۇچ مەكتەپ بەش يىل، يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت يىل ئىدى؛ ئىككىنچى باسقۇچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ بەش يىل ئىدى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ ئالىي مائارىپ بولۇپ، پەنلەر بويىچە ئايرىلغان ئالىي مەكتەپ ئۈچ يىل، ئۆلىمالار دارىلفۇنونى بەش يىل ئىدى. بۇ نىزامنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ، يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى.

شيېشىڭ بازىرىدا ئېچىلغان بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپى شيېشىڭ كونا بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق پومېشچىك لىيۇ جىشيڭنىڭ قورۇقىنىڭ يان تەرىپىدىكى ھويلىدا تەسىس قىلىنغانىدى.

شيېشىڭ كونا بازىرى دېڭ شىشيەن ئائىلىسىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. شيېشىڭ بازىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋاڭشى بولۇپ، ئۇنىڭدا «يېڭى بازار»، «كونا بازار» تەسىس قىلىنغان، كېيىن بۇ ئىككى بازار بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى «شيېشىڭ بازىرى»غا ئۆزگەرتىلگەنىدى.

شيېشىڭ كونا بازىرى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان، كوچىلىرىغا كۆك تاش ياتقۇزۇلغانىدى، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يۈز نەچچە مېتىر بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئىككى تەرىپىگە تۈۋرۈك قويۇلغان، تاختاي بىلەن ئايرىلغان كىچىك ياغاچ ئۆيلەر جايلاشقان، رەت ـ رەت كەتكەن بۇ ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە كاھىش يېپىلغانىدى. بۇ بازارغا بىرەر يۈزدەك ئائىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بازار كۈنلىرى بازار ئەتراپىدىكى ھەرقايسى كەنتلەردىكى پۇقرالار بۇ جايغا سودىلىق قىلغىلى ياكى دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىشەتتى. بۇ يەر بازار كۈنى كارامەت قىزىپ كېتەتتى.

بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئورنى كونا رەستىنىڭ مەركىزىدە ئىدى. مەكتەپتىن چىقسىلا كونا رەستىگە چىققىلى بولاتتى. مەكتەپ بىناسىنىڭ ئالدى گۈللۈك، مەكتەپ بىناسىدا تۆت چوڭ ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆيلەر ئا، ب، س، د دەپ تۆت چوڭ سىنىپقا ئايرىلغانىدى.

مىلادىيە 1911 ـ يىلى دېڭ شىشيەن دارىلئۇلۇمدا جۇ خەلپىتىمنىڭ قولىدا بىر يىلدىن كۆپرەك ئوقۇدى. دادىسى شىشيەننى بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە بەردى. شىشيەن «د» سىنىپقا تەقسىم قىلىندى.

ئەينى چاغدا بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە دېڭ جۇندې، چېن نوشەن، جياڭ نىڭبىن قاتارلىق ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق

قىلاتتى. شىشيەننىڭ دادىسى دىڭ شاۋچاڭمۇ بۇ مەكتەپتە تەكلىپ بويىچە بىر نەچچە يىل دەرس ئۆتكەنىدى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئەپەندىلەر شىپىشىڭ بازىرى ئەتراپىدا ساۋاتلىق ھەم كاللىسى سەگەك ئادەملەر ھېسابلىناتتى.

مەكتەپتە ئەدەبىيات، ھېساب، تەلىم ـ تەربىيە دەرسلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك يوق ئىدى. بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتۇش مەزمۇنى خۇسۇسىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىن مول بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلاردا ئۆز خاھىشى بويىچە دەرس ئۆتۈش ئەھۋاللىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» دىن سالمىقى يەڭگىل ماقالىلەرنى تاللاپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنى ئوقۇتاتتى ۋە ئۆزلىرى چۈشەندۈرەتتى.

لېكىن، ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان مۇئەللىم دىڭ جۇنىي ئەپەندى يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن، فېئودallıق قائىدە ـ يوسۇنلاردىن نارازى، بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر، رادىكال ئىدىيەگە ئىگە «يېڭىلىق تەرەپدارلىرى»غا تەۋە زات ئىدى. ئۇ «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر»دىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ مائارىپقا دائىر ماقالىلەرنى تاللاپ ئۆتكەندىن باشقا، دەرسلىك كىتابنى يېپىپ قويۇپ غەيرىي رەسمىي تارىخ ۋە خاتىرە ئەدەبىياتتىن ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى. جۈملىدىن خۇاڭ چاۋ قوزغىلىڭى، خۇڭ شيۇچۈەن رەھبەرلىكىدىكى تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە يىختۇەن ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى. دىڭ ئەپەندى بۇ ھېكايىلەرنى

چۈشەندۈرگەندە «پادىشاھ، ۋەزىر، سانغۇن ۋە تۆرىلەرنىڭ ۋىجدان بىلەن نېمە ئىشى» دېگەن ئىدىيەنى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈپ، دۆلەتنى قوغداش بىر ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلەندۈرەتتى. بۇ ھېكايىلەر ئۆسمۈر دېڭ شىشيەندە ئۇنتۇلماس خاتىرە ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شىشيەننىڭ دادىسى دېڭ شاۋچاڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا «تەلىم - تەربىيە» دەرسى بېرەتتى. شىشيەن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى جۇڭگونىڭ چەت ئەللەرنىڭ كۈچلۈك تاجاۋۇزچىلىقىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئىزچىل ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاستا - ئاستا چۈشەندى. چىڭ سۇلالىسى جان ساقلاش كويىدا ۋەتەن سېتىشنى شەرەپ بىلگەن بولغاچقا، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامىلەرنى كەينى - كەينىدىن ئىمزالىدى.

دادىسىنىڭ دېگىنىدەك، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيەسى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان خورازغا ئوخشايتتى. لېكىن، شۇ ۋاقىتتا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جاي - جايلارنى بېسىۋېلىپ ھەم ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋېلىپ دۆلەتنى پارچىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئار - نومۇس ئىدى. ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ياش ۋە ئۆسمۈر بۇ تارىخنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىشى، ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشى، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى، دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئار - نومۇسنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى...

شىشيەن دادىسى سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ گويا قورام تاشتەك گەۋدىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندەك، نۇرغۇن ھەقىقەتنى بىردىنلا بىلىۋالغاندەك، ۋۇجۇدىغا توساتتىن كۈچ - قۇۋۋەت قوشۇلغاندەك سېزەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ مۇشتۇمغا ئايلىناتتى.

دېڭ ئائىلىسىدىن بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە بارغۇچە ئېگىز - پەس چىغىر يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئادەم يول جاپاسى تارتمايتتى، ئەمما يامغۇرلۇق كۈنلىرى يول مىچچىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپ، يول يۈرۈش قىيىن بولاتتى، كېتىۋېتىپ بەزىدە پاتقاقتىن ئاياغنى سۇغۇرۇۋالغىلى بولمايتتى، ئادەم يىقىلىپ كەتسىلا ئۈستىبېشى لايغا مىلىنىپ، خۇددى لايدىن چىققان مايمۇنغىلا ئوخشاپ قالاتتى.

شەرقىي سىچۇەندە يامغۇرلۇق ۋە تۇمانلىق كۈنلەر كۆپ بولاتتى. ئاپىسى ئوغلىغا مەخسۇس گىرۋىكى يوغان چىغ قالپاق، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگۈدەك يامغۇرلۇق قىلىپ بەرگەنىدى. مەيلى ئەتىياز، ياز، كۈز ياكى قىش كۈنلىرى بولسۇن، بوران چىققان، يامغۇر ياغقان، ياكى قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولسۇن، كىشىلەر ھەمىشە شىشيەنىنىڭ كىچىك بېلىقچىدەك بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە بارىدىغان پاتقاقلىق يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى.

شىشيەن ئەزەلدىن بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىگە بوي ئەگكەن ئەمەس. ئۇ بەزىدە يامغۇردا دەرسلىك كىتابلارنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سومكىسىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالاتتى. بويى پاكار بولغاچقا، دۇپدۇگىلەك بولۇپ قالاتتى. ئاپىسى ھەر قېتىم ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرۈپ:

— ياپىرىم، شا كىچىك بېلىقچى بىر كۈن تۇتقان

بىلىقلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ! — دەپ چېقىشاتتى.

شىشيەن چاپىنىنىڭ ئىچىدە تومپىيىپ تۇرغان سومكىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ، رەتلىك چىشلىرىنى چىقىرىپ:

— توغرا دېدىڭ. بىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە تىقىۋەتتىم، — دەيتتى پىخىلداپ كۈلۈپ.

مومىسىنىڭ نەۋرىسىگە ئىچى ئاغرىيتتى. مۇشتۇمدەك بالىنىڭ يامغۇر - يېشىنلىق كۈنلەردە بىرەر خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ھەر قېتىم جۇدۇن بولغان كۈنلىرى مومىسى شىشيەنگە مەكتەپكە بارماي ئۆيدە دەرس تەكرارلاش، ئۆتۈلگەن دەرسنى ھاۋا ئېچىلغاندا تولۇقلىۋېلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى. بۇ چاغدا شىشيەن ئەدەبىيات دەرسىدە ئۆگەنگەن ماقالىنى مومىسىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرەتتى.

مومىسى نەۋرىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، كەينىگە ئۆرۈلۈپ شىشيەننىڭ ئاپىسىغا قاراپ:

— ماۋۇ چېچەن بالاڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالە. ساپلا كىتابىي سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ، — دەيتتى.

شىشيەن مەكتەپكە مېڭىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بارغىن، يولدا دىققەت قىل، بىزنى ئەنسىرىتىپ يۈرمە، — دېدى.

— ئاپا، موما، خاتىرجەم بولۇڭلار، تەنتەربىيە دەرسىدە مۇئەللىم بىزنى ئەتەي جۇدۇندا يۈگۈرۈشكە سالىدۇ، شۇڭا بىز خېلى چىدامىلىق جۇمۇ!

— ھەي، سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش چىدامىلىق ئادەم بولىدىغان ئوخشايسەن!

ئېھتىياتچان ئانىسى ھاۋا ناچار كۈنلىرى گۈرۈچ تامىقىنى قۇتىغا ئېلىپ خالتىغا سېلىپ بېرەتتى. ئوغلىنىڭ قولىغا يەنە ئىككى يارماق تۇتقۇزۇپ:

www.uyghurkitap.com

— شيەنۋا، گېپىمنى ئاڭلا، يامغۇردا يول تېپىلىغاق، چۆشلۆك دەم ئېلىشتا تاماق يەيمەن دەپ ئۆيگە كېلىپ يۈرمە، رەستىدىكى بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ ئازراق تۇزلىغان گۆش ئېلىپ يە، قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇپ ياخشى ئوقۇ... — دەيتتى.

شىشيەن ئانىسىنىڭ گېپىنى يىرالماي، تاماق بىلەن يارماقنى ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن كېلىپ، ئىككى يارماقنى خەجلىمەي ئانىسىنىڭ قولىغا بېرەتتى. ئانىسى ئىچ ئاغرىتىپ:

— شيەنۋا، هازىر سېنىڭ تازا ئۆسۈۋاتقان ۋاقتىڭ، ئاچ - توق يۈرسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ! — دەيتتى.

— ئاپا، خاتىرجەم بول، گۈرۈچ تامىقى بىلەن قورسىقىم تويىدۇ، ئىككى يارماقنى مومام ئىككىڭلار نەچچە ئاخشام ئۇخلىماي رەخت توقۇپ تاپقان! — دەيتتى ئەقىللىق شىشيەن.

شۇ دەقىقىدە ئانىسى ئوغلىنىڭ بوران - يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ چىغىر يولدا مېڭىۋېرىپ كۆنسېرى چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى، ئۇ كۆڭلىدە مۇشۇنداق ئەقىللىق هەم ۋاپادار ئوغلىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك هېس قىلاتتى هەم ئېپتىخارلىناتتى.

شۇنداق، ئۆز ئوغلىنىڭ هەركۈنى بوران ياكى يامغۇرغا يۈزلىنىپ، تاڭ نۇرىغا چۆمگەن هالدا مەكتەپكە خۇشال ماڭغىنىنى كۆرۈش نېسىپ بولغان ئانىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە تەسەللى بارمۇ؟

ئوغلىنىڭ كىچىك، مەزمۇت سىماسى ئانىسىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى، ئۇ هەتتا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئوغلىنىڭ سىماسىنى ئۇنتۇپ قالالمايتتى.



# بەش يامبۇ نەگە كەتتى

بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ «د» سىنىپىدىكى دېڭ شىشيەننىڭ بويى سىنىپ بويىچە ئەڭ پاكار ئىدى. دەرس ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا يازغان خېتىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن پات ـ پاتلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستەلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تاپىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دوسكىغا قارايتتى، بولمىسا ئېگىز ئۇستەل ئۇنىڭ دوسكىدىكى خەتلەرنى كۆرۈشىگە دەخلى قىلاتتى.

لېكىن، سىز بۇ ئوقۇغۇچىنى كىچىك چاغلىماڭ. سىنىپتىكى بالىلار ئۇنى ھىمايە قىلاتتى ھەم ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولۇپلا قالماي، يۈرەكلىك ئىدى، جىن ـ ئالۋاستىغا ئىشەنمەيتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇنى ھىمايە قىلىشى ھەم ھۆرمەتلىشىدە مۇھىم بىر سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىدىغان «ساخاۋەت» ئىگىسى ئىدى.

تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان ھېكايە دېڭ شىشيەن سەككىز ياش ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شيېشىڭ يېزىسىنىڭ بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتقان چاغ. شىشيەن يېقىن ئۆتىدىغان ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە يولدا ئوينىغاچ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار توساتتىن بىر

www.uyghurkitap.com

ساۋاقدىشىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى چىغىر يول بويىدا ئىسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

بۇ ساۋاقدىشىنىڭ فامىلىسى جاڭ بولۇپ، بىر مۇنچە بالىلار ئەتراپىدا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى بالىلار كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى سوراۋاتاتتى، بەزىلىرى تاماشا كۆرۈۋاتاتتى.

شىشيەن توپنى يېرىپ ئۆتۈپ ھېلىقى ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىت - تىت بولغىنىچە:

— نېمىگە يىغلايسەن، قىز بالىغىلا ئوخشاپ قاپسەن. قانداقلا ئىش بولسا دە، مانا بىز ياردەم قىلىمىز، — دېدى.

جاڭ فامىلىلىك ساۋاقداش شىشيەننىڭ شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ ئۆزىدىن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېشىنى ئېرتتى - دە، ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ... سىڭلىم قاتتىق ئاغرىپ قالدى، ئوت - كاۋاپ بولۇپ ياتىدۇ، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دورا ئالىدىغانغا پۇل يوق... — دېدى.

— دەرھال بىرەرىدىن ئۆتنە ئالمامسىلەر! داداڭ، ئاپاڭچۇ؟ — دەپ سورىدى شىشيەن تەقەززالىق بىلەن.

— سورىدى، ھېچكىمدىن بىرەر يارماقمۇ چىقمىدى، دادام سىڭلىمنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ، ئاپام ئىچى تىتىلداپ ھوشىدىن كەتتى.

ساۋاقداشلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ قولىدىنمۇ ھېچنېمە كەلمەيتتى. ئاشۇ يىللاردا كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆت - بەش يامبۇ بولمىسا تېۋىپلار كەلمەيتتى. ئادەتتىكى نامرات ئائىلىلەر تۆت - بەش يامبۇنى

قانداقمۇ غاچچىدە چىقىرالىسۇن؟ تۆت ـ بەش يامبۇغا شۇ زاماندا ئون دەن گۈرۈچ كېلەتتى، ئۇنى بىر ئائىلە كىشىلىرى يېرىم يىل يەيتتى.

ئەھۋال جىددىي ئىدى. دېڭ شىشيەن كۆزلىرىنى يىلدىرلىتىپ:

— يىغلىما، يىغىدىن يارماق چىقمايدۇ. سەن ئۆيۈڭگە كېتىپ تۇر. ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال، مەن ئۆيگە بېرىپ ئاتا ـ ئانامغا دەپ باقاي، ئامال تېپىلىپ قالار، — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دېڭ شىشيەن مەكتەپكە يۈگۈرۈپ كىرىپ، تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھېلىقى جاڭ فامىلىلىك ساۋاقدىشىنى كۆردى. شىشيەن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، يانچۇقىدىن بەش يامبۇنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى ۋە:

— سىڭلىڭنى چاپسان تېپىپ كۆرسىتىڭلار، ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدۇ! — دېدى.

جاڭ فامىلىلىك ساۋاقدىشىنىڭ ھەيران بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي:

— شىشيەن ئاكا، بۇنچىۋالا پۇلنى... — دېدى.

شۇنداق، ئۇ چوڭ بولۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بۇنچىلىك جىق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— كارىڭ بولمىسۇن! بۇ پۇلنى سىڭلىڭنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بەردىم. خاتىرجەم بول، قايتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، چاپسان ماڭ!

شىشيەن ئۇنى مېڭىشقا ئۈندىدى، ھېلىقى ساۋاقدىشىمۇ

www.uyghurkitap.com

نىرى ـ بىرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۆيىگە قاراپ چاپتى...

دىڭ شىشيەن ئەسلىدە بۇ بەش يامبۇنى دادىسىنىڭ پۇل ساندۇقىدىن سورىمايلا ئالغانىدى! ئەسلىدە ئۇ بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانىسىغا دېيىشنى ئويلىغان. بىراق، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىماي قالسا، ياردەم بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئادەم قۇتقۇزۇش مۇھىم دەپ قاراپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، دادىسى پۇل ساندۇقىدىكى پۇلنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. دىڭ ئائىلىسىدە بۇنداق ئىش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، بەش يامبۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى!

دىڭ شاۋچاڭ خاپا بولۇپ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ياللىنىپ ئىشلەيدىغانلاردىن تارتىپ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغدى. ئاندىن ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ: بەش يامبۇنى زادى كىم ئالدى؟ دەپ سورىدى.

قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دىڭ شىشيەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىرتقا چىقتى ـ دە، يامبۇك شېخىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى ۋە قوش قوللاپ دادىسىغا سۇنۇپ:

— دادا، ئۇلارغا ئۇۋال قىلماڭ، پۇلنى مەن ئالغان، ئۇرسىڭىز مېنى ئۇرۇڭ! — دېدى.

— سەن... نېمىدېگەن يۈرىكىڭ چوڭ سېنىڭ! بەتخەج! پۇل ئوغرىلاشنى قاچاندىن تارتىپ ئۆگەندىڭ؟

ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ھەم تىرىشچان ئوغلىنىڭ بۇنداق قىلىشىنى دىڭ شاۋچاڭ زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ

ئوغلۇم ياخشى ئوقۇمايۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەرغەزەپكە كەلدى ـ دە، ئاچچىقىنى باسالماي ئاق ـ قارىنى سورۇشتە قىلماستىن، بامبۇك تاياق بىلەن شىشىيەننىڭ كاسىسىغا ئۇرۇپ كەتتى. شىشيەن تەرسالىق بىلەن چىشىنى چىشلەپ زۇۋان سۈرمەستىن مەردانە قىياپەتتە تۇراتتى.

دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنىڭ چىرايىدا قورقۇش ئالامىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەپۇ سوراش خىيالىدا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ئوغلىنى يەنە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. شىشيەن يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

ئاپىسى، مومىسى، ئاچىسى ۋە ياللىنىپ ئىشلەيدىغانلار قورقۇپ بىر چەتتە تۇرۇشاتتى. شىشيەننىڭ گۇناھىنى تىلىۋېلىشقا ھېچقايسىسى پېتىنالمىدى. دېڭ شاۋچاڭنىڭ مىجەزى ئۇلارغا ئايان ئىدى. ئوغلى ياخشى ئوقۇمىسا، ئۇ ھەرگىز يول قويمايتتى.

— ۋۇ يارامسىز ! مۇشۇ بىر نەچچە يىل بىكارغا ئوقۇپسەن ! بەتخەج ! پۇل ئوغرىلاشنى قاچاندىن تارتىپ ئۆگەندىڭ ! — دېدى ئاچچىقى يانمىغان دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىغا ۋارقىراپ.

ئەتىسى ئەتىگەندە شىشيەن ئورنىدىن جىممىدە تۇرۇپ جىلتىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭدى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مەكتەپكە ماڭغان ئوغلىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ دېڭ شاۋچاڭنىڭ ئاچچىقى سەل بېسىلغاندەك بولدى.

بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغان خوتۇنى دېڭ دەن بىر تۇرۇپ ئوغلىغا ئىچ ئاغرىتاتتى، يەنە بىر تۇرۇپ سەل گاڭگىراپ قالغاندەك بولۇپ ئېرىگە:

— شاۋچاڭ، شيەنۋا يامان ئادەتنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدىغان بالا ئەمەس، تاياقنىمۇ يېدى، تىلنىمۇ ئىشىتتى. بالا خاتالىق ئۆتكۈزدى، ئەمدى جەزمەن تۈزىتىدۇ. لېكىن، شيەنۋا ئەزەلدىن قالايمىقان پۇل خەجلىمەيدۇ. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭغا چۈشتە تاماق ئېلىپ يە دەپ ئىككى يارماق بەرسەم، خەجلەشكە كۆزى قىيماي پۇلنى ماڭا شۇ پېتى قايتۇرۇپ بەرگەن. ھېيت - بايراملاردا بوۋىلىرى، موملىرى بەرگەن ھېيتلىق پۇللارنى يىغىپ ساقلايدۇ، بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئۇ بەش يامبۇنى بىراقلا ئەكېتىپتۇ، بۇ پۇللارنى نېمىگە ئىشلەتكەندۇ؟ — دېدى.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىش دېڭ شاۋچاڭغا سەل غەلىتە تۇيۇلدى.

— ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش! شيەنۋانىڭ قىلغان ئىشىغا ئىگە بولىدىغان قورقۇمسىزلىقىغا قارىغاندا، ئۇ نومۇسلۇق ئىش قىلغاندەك تۇرمايدۇ، زادى نېمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ؟ — دېدى دادىسى.

ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىقلاش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

شۇ چاغدا، دېڭ شاۋچاڭ بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق تەلىم - تەربىيە دەرسى ئۆتەتتى. ئۇ ناھايىتى تېزلا ئوقۇغۇچىلاردىن شىيەن ئۆيدىن ئالغان ھېلىقى بەش يامبۇنىڭ نەگە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى دېڭ شاۋچاڭ شۇئان پۇشايمان قىلىپ، — شيەنۋانى خاتا ئەيىبلەپتىمەن، ئورۇنسىز ئازار بېرىپتىمەن!

www.ughurkitap.com

دېڭ شاۋچاڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، شىشيەن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگۈچە ساقلىدى، ئۇ مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن ئالدىراش ئالدىغا بېرىپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— شيەنئۋا، مېنى كەچۈر، سېنى خاتا ئەيىبلەپتىمەن، جېنىڭ قاقشاپ كەتتى ـ ھە؟ — دەپ ئوغلىنىڭ تاياق تەگكەن يەرلىرىنى سىلىدى.

كىچىك شىشيەننىڭ كۆزلىرىدە شۇ ھامان ياش ئەگىدى، ئەمما لېۋىنى چىشلەپ ياش تۆكمىدى.

— دادا، ئۇرغىنىڭ توغرا بولدى، مەن خاتا قىلدىم، — دېدى شىشيەن.

— ياق، سەن خاتا ئىش قىلمىدىڭ! — دېدى دادىسى ئوغلىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپ، — سەن ھاجەتمەننىڭ دەردىگە دەرمان بولدۇڭ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلدىڭ، ساۋاقداشىڭغا ياردەم بەردىڭ. بۇنداق ئىشلار ئاق كۆڭۈل ئەزىمەتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ ساۋابلىق ئىش! مۇشۇنداق قىلالىساڭ ئاندىن مېنىڭ ئوبدان ئوغلۇم بولالايسەن! مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي، ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتە قىلمايلا سېنى دۇمبالاپ كەتتىم، مەن ياخشى قىلمىدىم...

دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنىڭ كۆزىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ئىچى سىيرىلدى ھەم نادامەت چەكتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە:

— مەن ساڭا ئۇۋال قىلغان ئىكەنمەن، سەن ماڭا ئەھۋالنى ئېنىق دېيىشىڭ كېرەك ئىدى. تاياق يېگەن چېغىڭدا نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيسەن؟ — دەپ ئوغلىدىن ئاغرىندى.

www.uyghurkitap.com

— دادا، نېمىلا دېمەيلى، ساڭا، ئاپامغا ياكى مومامغا دەپ قويماي ئۆيدىن بىسوراق پۇل ئېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. مەن دۆمبا يېيىشكە تېگىشلىك، — دېدى شىشيەن، — مەن زۇۋان سۈرسەم ياكى جاۋابلاشسام زادىلا بولمايتتى!

— چىچەن شا كىچىك! سېنىڭ ئاساسلىرىڭ كۆپ ئىكەن تېخى! — دېدى دادىسى سەل ئېچىلىپ، — ئەمىسە كۆزۈڭگە نېمىدەپ ياش ئالىسەن؟

شىشيەن كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشنى ئېرتىپ:

— دادا، سەن مېنى بامبۇك تاياق بىلەن ئۇرغاندا مەن ئازراقمۇ قورقمىدىم، بىراق ھېلىقى ساۋاقداشلىرىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتالمىغانغا ئۆيىدە پۇل يوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغانىدى، — دېدى.

— ئوبدان بالام! باشقىلارنىڭ غېمىنى مۇشۇنداق يېسەڭ، سەندىن ھەقىقەتەن خۇرسەن بولىمەن! توغرا قىلدىڭ، توغرا ئىش قىلدىڭ، سەن ئەمدى دېڭ جەمەتىنىڭ ئەۋلادىغا ئوخشىدىڭ! — دېڭ شاۋچاڭ شىشيەننى ماختىغاچ خوتۇنىغا تاپىلاپ تۇرۇپ، — ئۆيدە يەنە ئازراق پۇل بار، يەنە ئازراق تۇخۇم ئېلىۋال، شىشيەن يول باشلاپ ماڭسۇن، ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ سىڭلىسىنى يوقلاپ كېلىڭلار. شيەنۋانىڭ سىڭىللىرىنىڭ قاتارىغا يەنە بىر سىڭىل قېتىلىدىغان بولدى، — دېدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى شىشيەننىڭ ئانىسى ئېرىگە، — سەن دېمىسەڭمۇ شيەنۋا بىلەن بارماقچى بولۇپ تۇراتتۇق. مەن ئۇلارنىڭ بەش يامبۇنى قەرز ھېسابىدا بىلىپ، بىر ئامال قىلىپ قايتۇرۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ئۇلارنى يوقلايمەن، ئۇلارنى ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، خاتىرجەم ياشاشقا دەۋەت قىلىمەن.

ھەي، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار!

— ئاپا، ئۇلار ھېلىقى بەش يامبۇنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمىسۇن جۇمۇ! — دېدى شىشيەن ئاپىسىنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.

— ئەخمەق بالام، خاتىرجەم بول! مەن ئۇلارغا ئازراق يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئالغاچ بارىمەن، داداڭ بايا ئاچاڭ ئىككىڭلار يەنە بىر سىڭىللىق بولۇپ قالىدىغان بولدۇڭلار دېدىغۇ، دېڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ باغرى بەك يۇمشاق!

— ئاپا، سېنىڭ باغرىڭمۇ شۇنداق يۇمشاققۇ؟ — دېدى شىشيەن ئاپىسىغا تۇخۇملارنى جايلاشتۇرۇپ بەرگەچ، — كەنتىمىزدىكى چوڭ ئانىلارنىڭ ھەممىسى دېڭ ئائىلىسىدىكى دەن ئانا پەيفاڭ كەنتىدىكى «تىرىك بۇدساتۋا» دېيىشىدۇ، — دېدى.

— شيەنۋا، بىلەمسەن، «خۇي - پەيلى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالمايدۇ!» دېگەن مانا شۇ، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان دادىسى مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئاق يېغىنلىق چوكانتال مەۋسۇمى

ھەريىلى چوكانتال مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، دىلىڭ شاۋچاڭ ئوغلى شىشيەن ۋە قىزى شيەنلىيېنى ئېلىپ، كەنتنىڭ سىرتىدىكى تاغقا جايلاشقان قەبرىستانلىققا بېرىپ دىلىڭ جەمەتى ئەجدادلىرىغا تەزىيە بىلدۈرەتتى.

شىشيەننىڭ ئىنىسى شيەنشيۇ (كېيىن دىلىڭ كىنىغا ئۆزگەرتىلگەن) ۋە سىڭلىسى شيەنجېن تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىنى يوقلايدىغان ۋاقىتتا، دىلىڭ شاۋچاڭ چوڭ قىزى شيەنلىيېگە ئىنىسىنى كۆتۈرۈۋېلىشنى ئېيتاتتى.

چوكانتال مەۋسۇمىدە ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھىنى يوقلاش شۇ يەردە ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغ پائالىيىتى ئىدى. دىلىڭ شاۋچاڭ بارا - بارا چوڭ بولۇۋاتقان شىشيەن بىلەن شيەنلىيېنىڭ دىلىڭ جەمەتى ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئۆنتۈپ قالماسلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشىنى، ئەجدادلىرىنىڭ ئەلگە كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى ياد ئېتىشىنى، ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلاتتى.

چوكانتال مەۋسۇمى يەنە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى تەڭرى تۇپراق بېشىغا چىققان كىشىلەرنىڭ سېغىنىشىنى ۋە ھەسرىتىنى ئەتەي ئۇلغايتىۋەتكەندەك تاڭ سەھەردىن باشلاپ سىمىلداپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

دېڭ شاۋچاڭ شىشيەن بىلەن شيەنلىيېنى ئەگەشتۈرۈپ، ھۆل ئېتىز قىرىنى بويلاپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا قاراپ ماڭدى. بۇ كۈنى جەنۇبىي تاغنىڭ شىمالى بېشىغا جايلاشقان قاقاس قەبرىستانلىق قەغەز كۆيدۈرۈپ تۇغ باغلاۋاتقان، ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋاتقان ياكى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان كىشىلەر بىلەن تولغانىدى، دۆڭلۈكنىڭ يېنىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ بوش يىغا ئاۋازلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى.

دېڭ شاۋچاڭ يامغۇردا كۆكىرىپ ياتقان دالاغا، قەغەز كۆيدۈرۈپ تۇغ باغلاۋاتقان يۇرتداشلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز يوسۇندا:

— ئادەمنىڭ ھاياتىدا چوكانتال مەۋسۇمىدىن قانچىسى باردۇ؟ ئادەم تىرىكلەرگە بەخت - سائادەت تىلەش ئۈچۈن ئەرۋاھلارغا تېۋىنىدۇ، — دېدى.

دېڭ جەمەتى قەبرىستانلىقىدا دېڭ شاۋچاڭ ئوغلى، قىزىنى باشلاپ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە ئىخلاس بىلەن تەكرار تەزىم قىلدى. بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا شۇ يىلى تىكىپ قويۇلغان شەمشاد دەرىخى خېلى يوغىنىغانىدى.

دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنى تارتىپ:

— كېلە شيەنۋا، بوۋاڭغا باش ئۇر. بوۋاڭ يەرنىڭ ئاستىدا يېتىپ نەۋرىلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇپ يارامىلىق بالا بولغانلىقىنى بىلسە جەزمەن خۇرسەن بولىدۇ! ھەي، ئەپسۇس، بوۋاڭ جاپانى يەتكۈچە تارتىپ، ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشالمىدى... — دېدى.

شىشيەن بىلەن شيەنلىيې دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان

بوۋىسىغا كۆجە كۆيدۈردى، باش ئۇردى.

دېڭ جەمەتى ئەجدادلىرىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئاياغلاشتى. دېڭ شاۋچاڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن بىر باغلام شامنى ياندۇردى ـ دە، ئۆزى يالغۇز كەڭ كەتكەن ئېتىز قىرىغا بېرىپ، قارا بولۇت قاپلىغان جەنۇب تەرەپكە يۈزلىنىپ ئېگىلدى ۋە:

— باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ روھى ئۈستۈمدە تۇرۇپتۇ، پېقىرغا ئايانكى، كۈچلۈك ئەجنەبىيلەر بىر كۈن بالدۇر يوقىتىلمىسا دۆلەتنى، خەلقنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش بىر كۈن كېچىكىدۇ، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارمۇ يۇمۇلمايدۇ، مېنىڭ ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر! — دېدى.

دېڭ شاۋچاڭ تەزىم قىلىپ بولۇپ بىر پىيالە ھاراقنى ئېتىز قىرىغا چاچتى.

شىشيەن دادىسىنىڭ نېمىشقا مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— دادا، سەن كىمگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتىسەن؟

دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— شيەنۋا، سەن دېگەن ئوقۇغۇچى، بەزى ئىشلارنى بىلىشىڭ زۆرۈر. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن باتۇر ئەزىمەتلەر ئەجنەبىيلەرنى قوغلاش، ئۇلارنىڭ دىنىنى ھەيدەپ چىقىرىش، بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ ئەخمەق قىلىنماسلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم نامراتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئەجنەبىيلەر چېركاۋىغا ئوت قويۇۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ ئاشۇ باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ سېپىدا مەشئەل كۆتۈرگەنىدىم. بۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، پۇقرالار شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدىغان كاتتا ئىش ئىدى. كىم بىلسۇن، ۋەتەن سېتىشنى شەرەپ دەپ بىلگەن ھۆكۈمەت

دائىرىلىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئادەم تۇتتى. ئەجنەبىيلەرگە ياردەملىشىپ چېركاۋنى كۆيدۈرگەنلەرنى باستۇردى. نەتىجىدە كۆپلىگەن باتۇر ئەزىمەتلەر هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. مەن سىرتلاردا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، شۇ قېتىملىق بەختسىزلىكتىن ئامان قالدىم. هەر يىلى چوكانتال مەۋسۇمىدە قۇربان بولغان ئاشۇ ئەزىمەتلەرنى قانداقمۇ ئەسلىمەي تۇرالايمەن؟ — دېدى.

كىچىك شىشيەن مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە دادىسىدىن تالاي قېتىم تىرىشىپ ئوقۇش، مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك مەدەنىي ئادەم بولۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنى ئەجنەبىي ئالۋاستىلارغا بوزەك قىلدۇرماسلىق توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرمۇ ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق مۇشۇنداق تەربىيە قىلاتتى. لېكىن، شىشيەن بۈگۈن ئەينى چاغدا دادىسىنىڭمۇ شەهەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەجنەبىيلەر چېركاۋنى كۆيدۈرۈشكە قاتناشقانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىدى. شۇ دەقىقىدە دادىسىنىڭ سىيماسى شىشيەننىڭ كۆزىگە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

قەبرە سۈپۈرۈش ئاياغلاشتى، سىم - سىم يامغۇرمۇ توختىدى، كۈن بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىقتى، كەنتنىڭ سىرتىدىكى جايلارنىڭ ئۈستى سۈزۈلدى. ئەتراپ ياشىرىپ كەتكەنىدى، يىراقلاردا كاككۇك تۈرۈپ - تۈرۈپ سايرايتتى.

— هەي، «باهار پەسلىدە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياه شۇ قەدەر جىلۋىلىك، لېكىن ئۇچار قۇشلار شۇ قەدەر مىسكىن - هە!» — دېدى دېڭ شاۋچاڭ هەسرەت بىلەن قىزى شيەنليېگە، — قىزىم، هاۋا ئېچىلدى، سەن ئۇكاڭنى ئەگەشتۈرۈپ شيېشىڭ كونا رەستىسىگە بېرىپ ئويناڭلار، بۈگۈن بايرام ئەمەسمۇ! كونا رەستىدە بۈگۈن كىشىلەر ئىلەڭگۈچ ئۇچىدۇ، چۈشلۈك تاماققا

ئۈلگۈرۈپ ئۆيگە قايتىڭلار، بولمىسا ئاپاڭلار ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېدى.

— دادا، سەن نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى شىشيەن.

— شەھەردە بېجىرىدىغان ئازراق ئىشىم بار. مەن ئاپاڭغا دەپ قويغان، قاراڭغۇ چۈشكۈچە قايتىمەن، — دېدى دېڭ شاۋچاڭ ئوغلىغا جېكىلەپ.

— دادا، بالدۇرراق قايتىپ كەل! كەچ قالساڭ، مومام بىلەن ئاپام ئەنسىرەيدۇ، — دېدى شىشيەن بىلەن شىشيەننىڭ ئاچىسى تەڭلا.

— بىلىمەن، بىلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار.

دادىسى شەھەرگە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى. شيەنلىي شىشيەننى ئەگەشتۈرۈپ شيېشىڭ كونا رەستىسىگە قاراپ ماڭدى.

بۈگۈن شيېشىڭ كونا رەستىسى ئالامەت قىزىپ كەتكەنىدى! بەزىلەر توخۇ تۇخۇمى، بەزىلەر ئۆردەك تۇخۇمى سېتىۋاتاتتى، كۆپلىگەن ساتارمەنلەر پىششىق تۇخۇملىرىغا قىزىل رەڭ بەرگەنىدى. خىلمۇخىل لەگلەك ساتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. كېپىنەك لەگلەك، بۈركۈت لەگلەك، قارلىغاچ لەگلەك، بامبۇك قومۇشىدىن ياسالغان سەكسەنپۇت لەگلەكلەرنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى.

شىشيەننىڭ مومىسى بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا: ئەتىيازدا شامال پەستىن ئۈستىگە ئۇرىدۇ، ئەتىياز پەسلى لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق پەسىل، دېگەنىدى. ھەريىلى ئەتىياز چوكانتال مەۋسۇمىنىڭ ئالدى - كەينىدە مومىسى شيەنلىيگە كېپىنەك لەگلەك ۋە قارلىغاچ لەگلەك، شىشيەنگە ناھايىتى چوڭ بۈركۈت لەگلەك ياساپ بېرەتتى. مومىسى يەنە: چوكانتال مەۋسۇمى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شامال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ،

لەگلەك ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەيدۇ، دەيتتى. يېزىلىق بالىلار چوكانتال مەۋسۇمىدىلا لەگلەك ئۇچۇرتۇپ ئوينايتتى. شۇڭا، شيېشىنىڭ بازىرىدىكى كىشىلەر چوكانتال مەۋسۇمىدىكى لەگلەك ئۇچۇرىدىغان كۈننى «لاچىن ئۇچۇرىدىغان كۈن» دەپمۇ ئاتايتتى. شۇ كۈنى بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى لەگلەك ئۇچۇرىدىغان ئاخىرقى بىر كۈن ئىدى.

شىشيەن بېيشەن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، مومىسىغا لەگلەك ياساپ بەر دەپ جېدەل قىلمايدىغان بولدى. ئۇ لەگلەك ئۇچۇرۇشنىڭ ئىنى - سىڭىللىرى ئوينايدىغان ئويۇن ئىكەنلىكى، ئۆزى ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ئويۇنغا بېرىلمەي تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، بۇ يىل مومىسىغا لەگلەك ياساپ بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلمىدى.

— ئۇكام، ساڭا لەگلەكتىن بىرنى ئېلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى شيەنليې ئىنىسىنىڭ رەڭگارەڭ لەگلەكلەرگە تويماي قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ. ئۇ كۆڭلىدە ئىنىسىنى كۆزى قىزىرىپ، يۈرىكى ئويناپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان چېغى.

— ياق، ياق، كۆرۈپ باقسام‌لا بولدى! — دېدى شىشيەن، — كۆرگەنگە پۇل ئالمايدۇ، بىكارغا كۆرىمەن. ياندىكى پۇلغا پايدا!

ئۇلار باشقا بىر كوچىدا بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئىلەڭگۈچ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىككىدىن بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئىلەڭگۈچ تاختىسى ئۈستىدە ئىلەڭگۈچنى نۆۋەت بىلەن كۆچەپ يۇقىرى ئۆرلىتەتتى. ئىلەڭگۈچ بارغانسېرى ئېگىزگە ئۆرلەيتتى، ئېگىزگە ئۆرلىگەن ئىلەڭگۈچنى كۆرۈپ بويى پاكار شىشيەننىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى.

كونا رەستىدە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان دۇكانلارمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ــ توخۇ كاللىسى !

ــ توخۇ قانىتى !

بۇ يان كوچىدىكى دۇكانلاردىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار ئىدى. ئاڭلاپلا ئۇلارنىڭ نېمە سېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

يەنە بىر دۇكاننىڭ ئىشىكى ئۈستىگە «جىن تامىقى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

بۇ شىشيەنگە كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «جىن تامىقى» دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟ ئىچىدە قانداق «جىن» باردۇر؟ دەپ ئويلاپ، يېقىن بېرىپ قارىدى. ئەسلىدە ئۇ قىزىل پۇرچاق، مۈچ ۋە نومى گۈرۈچىدە تەييارلىنىپ، ئۈستىگە، تۇز سېپىلىپ ئوتتا پىشۇرۇلىدىغان زىخلىق تاڭزۇڭزا ئىدى. تاڭزۇڭزىنىڭ ئىچىگە تۇزلانغان گۆشتىن قىلىنغان قىيما ئېلىنغانىدى.

شىشيەن سەۋر قىلالماي ئاچىسىغا:

ــ «جىن تامىقى» دېيىلىدىغان تاماق مۇشۇمىكەن؟ «جىن» يەيدىغان نەرسە ئىكەن ـ دە بۇ، ــ دېدى.

ــ جىن ئەمەس، ئادەم يەيدىغان يېمەكلىك بۇ. ئىككى زىخ ئېلىپ يەيلى ! ــ دېدى ئاچىسى.

تۇزلىغان گۆش قىيمىسىنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن تاقەتسىز ـ لەنگەن شىشيەن:

ــ ئالايلى، ئالايلى، ئىككى زىخ ئېلىپ «جىن تامىقى» يېيىشلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، تېتىپ كۆرەيلى، ــ دېدى.

شىشيەن «جىن تامىقى» يېگەچ، دۇكاندارلاردىن قىزىقىپ سورىدى:

ــ خوجايىن «جىن تامىقى» دا قانداق سىر بار، سۆزلەپ بەرسىلە ! ــ دېدى.

خوجايىن شىشيەننىڭ ئەستايىدىل ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوقۇغۇچى بالا، سەن ئاۋۋال دەپ باق، بۇ نومى تامغىنى مەززىلىكمىكەن؟

— مەززىلىكلىكى مەززىلىككەن، بەك كىچىك ئىكەن، چىشىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ كېتىپ، يېگەندەك بولمايدىكەن، — دېدى شىشيەن قانائەتلەنمىگەن هالدا.

— قارىسام سەن كۆڭزى هەزرەتلىرىگە ئوخشاش بىلمىگەن نەرسەڭنى خىجىل بولماي سورايدىكەنسەن. كېيىنكى كۈنلەردە جەزمەن كاتتا بىلىملىك ئادەم بولۇپ چىققۇدەكسەن. بولدى، پۇل ئالمايمەن، ساڭا بىر زىخ سوۋغا قىلاي!

دۇكاندار مۇلايىملىق بىلەن بىر زىخ «جىن تامغى»نى شىشيەنگە هەقسىز بەرگەچ چۈشەندۈرۈپ كەتتى:

— جىن ئادەتتە كەچتە پەيدا بولىدۇ. بىز بۇ يېمەكلىكنى هەمىشە كەچتە ساتىمىز، بۇنى يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدىغانلار، كەچتە قورسىقى ئېچىپ كەتكەن خېرىدارلار يەيدۇ. جىن دېگەن گەپ ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم، — دېدى شىشيەن رازىمەنلىك بىلەن، — رەهمەت سىلىگە خوجايىن، ماڭا بىر زىخ نومى تامغىنى بىكارغا بەردىڭىز.

— هېچقىسى يوق، هېچقىسى يوق. ئۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغام! سەن كېلەر قېتىم يەنە كەلگەندە ساۋاقداشلىرىڭنىمۇ باشلاپ كەل!

— ماقۇل! — دېدى شىشيەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاچىسىغا، — بۇ خوجايىننىڭ سودا قىلىشقا خېلى ئېپى بار ئىكەن. دادام ماڭا داۋاملىق مۇئامىلىسى سىلىق ئوقەتچى ئاسان بېيىپ كېتەلەيدۇ، دەيتتى.

ئاچا - ئىنى ئىككىسى كونا رەستىدە بىردەم چۆرگىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۈردى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا شىشيەن بىردىنلا قانداقتۇر بىر نەرسىنى يادىغا ئېلىپ ئاچىسىدىن:

— ئاچا، يېنىڭدا يەنە يارماق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە؟ سېنىڭ يەنە بىر نەرسە يېگۈڭ بارمۇ؟

— ياق، مېنىڭ بىر نەرسە يېگۈم يوق. مومام بىلەن ئاپام ھەركۈنى پىلە باقىدۇ، ئىش قىلىدۇ، كونا رەختتىن كەمدىن - كەم كىيىدۇ. بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ! مومام بىلەن ئاپامغا ئازراق يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېتەيلىمىكىن دەيمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولغان ئاچىسى:

— شيەنئۋا، سەن نېمىدېگەن ۋاپادار! مومام بىلەن ئاپام سېنىڭ مۇشۇنداق ۋاپادار ئىكەنلىكىڭنى بىلسە، سەندىن قانچىلىك سۆيۈنۈپ كېتەر. مەن ئەيىبلىك، ئۆز نەپسىم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سەن ئويلىغاندەك ئويلىماپتىمەن، — دېدى.

ئاچا - ئىنى ئىككىسى نەچچە يارماقنى مومىسى، ئانىسى ۋە ئۇكا - سىڭىللىرىغا كونا رەختتىن باھاسى ئەرزان، ئۈستىگە كۈنجۈت سېپىلگەن تاۋا نېنى ۋە تورت قاتارلىق يېگىلى ئوچاقتىن چىققان يېمەكلىكلەردىن ئېلىپ، قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ كەنتكە قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كېتىشتى...

دېڭ شياۋپىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئاتمىش نەچچە يىلدىن كېيىنمۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئاشۇ قىتمىلىق چوكانتال بايرىمىنى، يۇرتىدىكى «جىن تامىقى»نى، ئۈستىگە كۈنجۈت سېپىلگەن تاۋا نېنى قاتارلىق سىچۈەن يېمەكلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى.

# چۇجياڭ دەرياسىغا كەلگەن باھار كەلكۈنى

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان يىللار ئىدى. ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، چاررۇسىيە، ئامېرىكا، ئاۋستىرىيە قاتارلىق كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ غالجىرانە تاجاۋۇزچىلىقى، ئۆكتەملىك بىلەن يەر ئايرىۋېلىش، تۆلەم تۆلىتىش ۋە ئاتالمىش سودا پورتلىرىنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يولسىز تەلىپى ۋە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يامانغا يانتاياق بولىدىغان رەزىللىكى، چىرىك ۋە ئىقتىدارسىزلىقى ئالدىدا زور بىر تۈركۈم دېموكراتىك ئىدىيەگە ئىگە ۋەتەنپەرۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن قوزغالدى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى قوزغاپلا قالماي، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، مۇستەقىل، دېموكراتىك، گۈللەنگەن ۋە قۇدرەتلىك بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنقىلاب بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقتى.

ئىنقىلاب جەڭ دۇمبىقى چېلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۈكسەك ئىرادىلىك ھەققانىي كىشىلەر ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى.

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1909 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىر يۈز ئوتتۇز قېتىمدىن ئارتۇق ئاممىۋى كۆتۈرۈلۈش بولغان بولسا، 1910 - يىلى بۇ ئاممىۋى كۆتۈرۈلۈش شىددەت بىلەن كۆپىيىپ ئىككى يۈز توقسان قېتىمدىن ئاشقان.

دېموكراتىك ئىنقىلاب يالقۇنى لاۋۇلداپ يانغان، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ھەققانىي ھەرىكەت مىليونلىغان خەلقنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەن ۋەزىيەت ئاستىدا، سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسىگە تولۇق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كەسكىن ئىنقىلاب تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.

1911 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ گۇاڭجۇدىكى يەنە بىر رەھبىرى خۇاڭ شىڭ بىلىكىگە ئاق بەلگە تاقىۋالغان يۈزدىن ئارتۇق پىدائىيىنى باشلاپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى باش ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسىگە باتۇرلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ ئوت قويىۋەتتى. بۇ مەشھۇر گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى ئىدى.

ئەينى چاغدا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى چەت ئەلدە ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئىنقىلابچىلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئۈمىدۋار ئىدى ھەم ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايتتى.

دەرۋەقە، نەچچە ئايدىن كېيىن، يەنى 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋۇخەندىكى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى قوزغىغان قوزغىلاڭنىڭ توپ ئاۋازى يەر - زېمىننى لەرزىگە سالغان غايەت كۈچلۈك گۈلدۈرمامىدەك مەنچىڭ

ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى تىترىتىۋەتتى. نۇرلۇق ئوت يالقۇنى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچە باغرىنى يېرىپ، ئېلىمىز خەلقىگە تاڭ نۇرىدىن ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرى گۇمران بولدى...

ۋۈچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ خەۋىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. ئىنقىلاب ئوتى شۇئان پۈتكۈل جۇڭخۇا زېمىنىنى قاپلىدى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سۇن جۇڭشەن چەت ئەلدىن شاڭخەيگە قايتىپ كەلدى. سۇن جۇڭشەننىڭ شۇ قېتىملىق ئىنقىلابتا قىلچە بوشاشماستىن ئاممىغا باشلامچىلىق قىلغانلىقىدەك يۈكسەك ئىناۋىتى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ئون يەتتە ئۆلكىنىڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدا بېلەت تاشلاپ سايلام ئۆتكۈزگەندە، سۇن جۇڭشەن بىر ئېغىزدىن مۇۋەققەت بۈيۈك زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

شۇ يىلى جۇڭگونىڭ دېھقانلار كالېندارى بويىچە شىنخەي يىلى دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا، ۋۈچاڭ قوزغىلىڭى ۋە مۇشۇ قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەن مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئېلىمىزدە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى دەپنە قىلىشتەك بۇ بۈيۈك ئىنقىلابنى كېيىن كىشىلەر «شىنخەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتاشتى.

1912 ـ يىلى يېڭى يىلدا سۇن جۇڭشەن نەنجىڭدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. «جۇڭخۇا مىنگو» قۇرۇلدى. سۇن جۇڭشەن جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇۋەققەت بۈيۈك زۇڭتۇڭى بولۇش

سۈپىتى بىلەن «ۋاقىتلىق قانۇن»نى جاكارلىدى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ـــ پادىشاھ شۈەنتۇڭ ئەيشىنجۆلۇ فۇيى نائىلاج تەختىنى بىكار قىلدى. بۇ ئېلىمىز بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى !

بۇ قېتىملىق ئىنقىلابتا سىچۈەننىڭ شەرقىگە جايلاشقان گۇاڭئەن گەرچە خىلۋەت ھەم بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلاب دولقۇنى گۇاڭئەننى بويلاپ ئاقىدىغان دولقۇنلۇق ئەزىم دەريا ــــ چۈجياڭ دەرياسى بىلەن بىللە گۇاڭئەنگە يېتىپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن قەلبىنى لەرزىگە سالدى، چۈجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نۇرغۇن ئىرادىلىك، ھەققانىي كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى.

1910 ـ يىلىدىكى گۇاڭجۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سېپىدە چېن بىڭ گۇاڭئەنلىك ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىللە باش ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسىگە كەينى ئىشىكتىن باستۇرۇپ كىرىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلغان، ئاخىرى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوقىدا سول كۆزى يارىلىنىپ نەق مەيداندا قۇربان بولغان. ئۇ شۇ يىلى ئاران يىگىرمە توققۇز ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى گۇاڭجۇ خۇاڭخۇاگاڭدىكى «خۇاڭخۇاگاڭ يەتمىش ئىككى ئىنقىلابىي قۇربان قەبرىستانلىقى»غا قويۇلغانىدى.

1911 ـ يىلى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ھارپىسىدا، قېرىنداشلار جەمئىيىتى ئەزاسى ۋۇ يوجاڭ قاتارلىق كىشىلەر سىچۈەننىڭ رۇڭشيەن ناھىيەسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى؛ 11 ـ ئايدا قېرىنداشلار جەمئىيىتى

يەنە چۆگچەك رايونىغا قاراشلىق چاگشۇ، فۇلىگدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گۇاڭئېنىدىكى قىرىنداشلار جەمئىيىتى ئەزالىرى گۇاڭئەننى قوراللىق ھۇجۇم بىلەن ئىگىلەپ، «شىمالىي سىچۈەن ھەربىي ھۆكۈمىتى»نى قۇردى؛ ئەتىسى قىرىنداشلار جەمئىيىتىنىڭ چۆگچىگدىكى ھەربىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى...

بۇ دىڭ شاۋچاڭنىڭ يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كىرگەن چاغلىرى ئىدى.

بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە دىڭ شاۋچاڭ پات - پاتلا شەھەرگە كىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە يېرىم كېچىدە شەھەردىن شىپىشىڭ بازىرىغا ئادەم چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قانداقتۇر بىر ئىشلار توغرۇلۇق كېڭەشەتتى. بۇ ئىشلاردىن خوتۇنىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇلار زادى نېمە ئىشلار توغرۇلۇق كېڭىشىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— دادىسى، سەن زادى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟ ماڭا دېگۈڭ كەلمىسە، ماڭا دېسەڭ بولمايدىغان بىرەر ئاساسىڭ باردۇر، لېكىن ھازىر جاھان بەك مالىمان، شيەنلىي، شيەنۋالار تېخى كىچىك، قۇرامىغا يەتمىدى، سەندىن ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن! — خوتۇنى بەزىدە دىڭ شاۋچاڭغا شيەنۋا ۋە ئۇنىڭ مومىسى ئۇخلاپ قالغاندا پەس ئاۋازدا ئۆز تەشۋىشىنى دەيتتى.

— ئەنسىرىمە، مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا تەشەببۇسۇم بار، — دەيتتى دىڭ شاۋچاڭ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، — شىپىشىڭ بازىرىدا «باۋ گېخۇي» قۇرۇلدى. كۆپچىلىك مېنى ئاساسىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا، ئەمەلدار بولۇپ بېرىشكە دەۋەت

www.uyghurkitap.com

قىلدى، ئامال يوق، نامرات پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىغا باش بولىدىغان، كۈندىلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان گەپ... سەن خاتىرجەم بول، مېنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشىم ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدىغان ئىش، يۈز كېتىدىغان ئىش ئەمەس.

— بىلىمەن، — دېدى خوتۇنى، — ئۈلۈشكۈن شيەنۋا كوچىدىن بىر ۋاراقچىنى تېپىۋېلىپ كەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئوقۇپ باق دېۋىدىم، ئوقۇدى. ۋاراقچىغا «ئەتىمىز خاراب، ئەتىمىز خاراب، بۈگۈننى قويۇپ، ئەتىنى ئويلا» دېگەن گەپلەر يېزىلغانىكەن. نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ سەندىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن...

— خاتىرجەم بولغىن، ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. «باۋگېخۇي»دىكىلەر ئادەم ئۆلتۈرىدىغان، ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىدىغانلار ئەمەس. ئۇخلا، تالانىڭ ۋە ئۆينىڭ ئىشلىرى ساڭا قاراشلىق. ئەتىگەن تۇرىسەن، كەچ ياتىسەن، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، چوڭلارنىڭ غېمىنى يەيسەن... سېنى جاپادا قويدۇم.

دېڭ شاۋچاڭ كۆڭلىدە خوتۇنىدىن تولىمۇ مىننەتدار ئىدى. ئۇ خوتۇنىغا ھەممە ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە دەپ، ئۇنى يۈرەكئالدى قىلىۋېتىشكە چىدىمايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ شېيشىنىڭ بازىرىدىكى «باۋگېخۇي» («گېلاۋخۇي»مۇ دېيىلىدۇ)نىڭ «ئۈچىنچى بېگى»لىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. تەشكىلاتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئەمدى بولسا «ئەمەلدارلىق» قا كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىر ھېسابتا «باۋگېخۇي»نىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئىدى.

«باۋگېخۇي» سىچۇەننىڭ ئەل ئارىسىدا ئىستىخىيەلىك ھالدا قۇرۇلغان باڭخۇي تەشكىلاتى ئىدى. «باۋگېخۇي»غا كىرگەنلىكى كىشى قان قوشۇلغان ھاراقنى ئىچىپ قەسەم قىلاتتى. دوستانىلىق، باراۋەرلىك، ھەمكارلىق، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، راھەت ـ پاراغەتنى تەڭ كۆرۈش قاتارلىق «تەشكىلىي يوسۇن»غا رىئايە قىلاتتى. «باۋگېخۇي»دىكىلەرنىڭ پارولى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق جايدا ئۆزئارا تونۇشۇشىغا، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ھەمدەمدە بولۇشىغا قولايلىق تۇغۇلاتتى. «باۋگېخۇي»دىكىلەر ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى، ئادالەتنى ياقلايتتى، سەھرادىكى جېدەل ـ ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

ئەمما، ھازىر دېڭ شاۋچاڭ رەھبەرلىكىدىكى «باۋگېخۇي» ئەزالىرى ناھىيەدىكى تۆمۈريول قوغداش جەمئىيىتىنى قوللاۋاتاتتى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن شەھەرگە دائىم دېگۈدەك بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى...

شۇ چاغلاردا ئېلىمىز زېمىنىدىكى توسۇۋالغۇسىز ئىنقىلاب دولقۇنى شىددەتلىك ئاققان باھار كەلكۈنىدەك گۈاڭئەن پۇقرالىرىنىڭ ئانا دەرياسى — چۇجياڭ دەرياسىغا كىرگەنىدى. چۇجياڭ دەرياسىنىڭ پەرزەنتى بولغان دېڭ شاۋچاڭ ۋە ئۇ تۇرۇۋاتقان بازاردىكى ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىر چەتتە قاراپ تۇرالمايتتى.

تۆمۈريول قوغداش بورىنى ئەگرى ـ توقاي ئاقىدىغان چۇجياڭ دەرياسىدا 1911 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلاب دولقۇنىدا كۆتۈرۈلگەن باھار كەلكۈنىنىڭ ئۆركىشى ئىدى. بۇنىڭدىن ئۆسمۈر دېڭ شياۋپىڭنىڭ خاتىرىسىدە چوڭقۇر ئىزنالار قالدى...

www.uyghurkitap.com

# تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى داۋامىدا چېنىقىش

بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن، 1905 ـ يىلى دېڭ شىشيەن ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن يىلى ئىدى. سىچۈەن خەلقى تۇرمۇشنى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئاچ ـ يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇپمۇ ئىقتىساد قىلغان ھەربىر يارماقنى يىلمۇيىل ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مەبلەغ يىغىپ، سىچۈەننى تاشقى دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان يول — سىچۈەن ـ خەنكۇ تۆمۈر يولىنى ياساش ئىدى. مىڭ يىلدىن بېرى سىچۈەننى تاشقى دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يول — چاڭجياڭ سۇ يولى ئىدى. چاڭجياڭ سۇ يولىنى بويلاپ سىچۈەندىن چىقىدىغان يولنى كىشىلەر ئادەت بويىچە «سىچۈەندىن چىقىش» دەپ ئاتايتتى. ئۇ چاغلاردا «سىچۈەندىن چىقىش» ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، سىچۈەن خەلقى چاڭجياڭ سۇ يولىدىن ئىبارەت مۇشۇ قاتناش يولىغا تايىنىپ سىچۈەندە سودا ۋە مال ئالماشتۇرۇشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى. ئۇلار سىچۈەننىڭ سودىسى ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاددىيغىنا بىر تۆمۈر يول ياساشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، مۇشۇ يولنى ياساش ئارقىلىق سىچۈەننىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ياخشىلىماقچى بولۇشتى.

پۇقرالار بۇ تۆمۈر يول قۇرۇلۇش پىلانىنى ناھايىتى ھىمايە

قىلدى ھەم قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە، ھۆكۈمەت سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى پۇقرالاردىن ئون بەش مىليون سەر كۈمۈش توپلىدى.

بۇ ھەرگىزمۇ ئاز سان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇل كۆنلىرىنى غورىگىل ئۆتكۈزۈۋاتقان سىچۇەن پۇقرالىرىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، سىچۇەن ـ خەنكۇ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇ چاغدا سىچۇەن پۇقرالىرى بۇ تۆمۈر يولنى تاشقى قەرزگە تايانماي ئۆزلىرى مەبلەغ چىقىرىپ ياسىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى تۆمۈر يولنى سىچۇەن خەلقى ئۆزى باشقۇرىدىغانلىقى ۋە ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پۇقرالارغا ۋەدە بەرگەنىدى.

لېكىن، 1911 ـ يىلى ياز ئاخىرلىشىپ كۈز پەسلى كىرگەندە مۇنداق بىر خەۋەر تارقالدى: چىرىكلەشكەن، ئىقتىدارسىز، ۋەتەن سېتىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ھۆكۈمەت چەت ئەللەرگە ياخشىچاق بولۇش، شۇنداقلا ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش، ئىلگىرىكى تاشقى قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، سىچۇەن پۇقرالىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ سىچۇەن ـ خەنكۇ تۆمۈر يولنى دۆلەت ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە سىچۇەن ـ خەنكۇ تۆمۈر يولنى ياساش ۋە باشقۇرۇش چوڭ ھوقۇقىنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، چىڭ ھۆكۈمىتى يۈزنى داپتەك قىلىپ، سىچۇەن پۇقرالىرى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە يىغقان ھېلىقى ئون بەش مىليون سەر كۈمۈشنى يۇتۇۋالدى.

دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە پۇقرالار مەنپەئەتىنىڭ

چىرىك، ۋەتەن ساتقۇچ ئوردا تەرىپىدىن ئاياغ ئاستىنى قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن سىچۈەن خەلقى غەزىپىنى باسالماي قالدى، ئۇلار قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ قارشىلىق ئاستا ـ ئاستا پۈتكۈل ئۆلكىدە ۋە جەنۇبتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردە قوزغالغان تۆمۈريول قوغداش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ھەيۋەتلىك تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى شەھەرلەردىن ناھىيەلەرگە، ناھىيەلەردىن يېزىلارغا كېڭىيىپ، شىددەتلىك كۆز بورىنىغا ئوخشاش ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى قاپلاپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يانغان غەزەپ ئوتلىرىنى يالقۇنلاتتى.

شۇ كۈنلەردە شيېشىڭ بازىرىنىڭ كوچىلىرىغا ئالا ـ يېشىل پىلاكاتلار چاپلانغانىدى.

پىلاكاتلارغا يېزىلغان سۆزلەر ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇنىڭدا سىچۈەن خەلقى بىرلىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، چىڭ ئوردىسىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ توختامىغا قارشى چىقىشقا، چىڭ ھۆكۈمىتىگە يەنە ئېغىر ئالۋان ـ ياساق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىنغانىدى.

پىلاكاتلارغا يېزىلغان «يولداشلار ئۇيۇشمىسى» تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى دولقۇنىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يەرلىك تەشكىلات ئىدى. شۇ كۈنلەردە شىشيەننىڭ دادىسى پات ـ پاتلا ناھىيەگە بېرىپ ئۇلار بىلەن ئالاقىلەشتى. شيېشىڭ بازىرىدىكى «باۋگېخۇي»چىلارنىڭ شيېشىڭ بازىرىدا ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. كونا رەستىدىكىلەر بىر ـ بىرىگە:

ــ قالتىس ئىكەن ئۇلار! شيېشىڭ بازىرىدىكى «باۋگېخۇي»چىلار بۇ نۆۋەت گۇاڭئەندىكى «تۆمۈريول قوغداش

يولداشلار ئۇيۇشمىسى» دىكىلەرنىڭ بىلىمىنى روسلىدى، بىرەرىمۇ قورقۇنچاقلىق قىلمىدى ! — دېيىشەتتى.

تۆمۈريول قوغداش دولقۇنى بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىمۇ قاتلامۇقاتلام تەسىر قوزغىدى.

ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان دېڭ جۈندې مۇئەللىم ئەينى يىللاردا قانۇن ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى پائالىيىتىگە قاتناشقان دېموكراتىك ئىدىيەگە ئىگە زىيالىي ئىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە شىشيەنىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئالدىراش ئىدى. ئۇلار خۇددى خىزمەت تەقسىم قىلىشىۋالغاندەك، دېڭ شاۋچاڭ «باۋگېخۇي»چىلارنىڭ ئىشلىرىغا، دېڭ جۈندې بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دېڭ مۇئەللىم سىنىپقا سۈرلۈك قىياپەتتە كىرىپ:

— قايسىڭلار بىلىسىلەر، ھازىر يۇرتىمىز سىچۈەندە نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى ئوقۇغۇچىلاردىن.

دېڭ مۇئەللىمنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگىشىگە دېڭ شىشيەن قول كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— مۇئەللىم، مەن بىلىمەن، تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى قوزغالدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— توغرا، — دېدى دېڭ مۇئەللىم شىشيەنىنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بېرىپ، ئاندىن روشەن ۋە ئېنىق قىلىپ، — سىچۈەن - خەنكۇ تۆمۈر يولىنى قوغداش دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش دېگەنلىكتۇر. دۆلەت بولمىسا ئائىلە بولمايدۇ ! چىڭ ھۆكۈمىتى چىرىكلەشكەن، يارامسىز ھۆكۈمەت، سىچۈەن - خەنكۇ تۆمۈر يولىنى ئەجنەبىيلەرگە بېرىۋەتتى، بۇ ۋەتەن ساتقۇچ قىلمىش. شۇڭا،

پۈتكۈل ئۆلكە ۋە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى قارشىلىق بىلدۈردى. «ئەلنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىدا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.» سىلەر ھازىر گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولساڭلارمۇ، لېكىن كېلەچەكتە دۆلەتنىڭ ئىگىسى بولىسىلەر! ئېيتىڭلارچۇ، بىز شۇ تاپتا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— ۋەتەن ساتقۇچلارنى يوقىتايلى!

— سىچۇەن - خەنكۇ تۆمۈر يولىنى سېتىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمىز!

— سىلەرگە دەپ قويىدىغان يەنە بىر گەپ، — دەپ گېپىنى باشلىدى دېڭ مۇئەللىم يەنە، — بۇ قېتىمقى تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى يولباشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا جاڭ لەن، لو لۇن، پۇ دىيەنجۈن قاتارلىقلار بار. لو لۇن، پۇ دىيەنجۈنلەر بىزنىڭ گۇاڭئەنلىك، جاڭ لەن ئەپەندى گۇاڭئەنلىك ئەمەس، ئۇ نەنچۇڭلۇق. ئۇ بىزنىڭ گۇاڭئەن ناھىيەمىزدىكى زىجىن جىڭشې بىلىم يۇرتىدا مۇئەللىم بولغان. بۇ قېتىمقى تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتىگە گۇاڭئەنلىكلەرنىڭ ئىپتىخارلىرى ئۇيۇشقان. ئېيتىڭلارچۇ، بىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كوچا - كويلاردا شىيېشىڭ بازىرىدىكى يۇرتداشلارغا تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەكمۇ - يوق؟

— كېرەك! كېرەك!

دېڭ مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدى. مۇئەللىمنىڭ تەكلىپىگە ئوقۇغۇچىلار بىردەك ئاۋاز قوشتى.

— ياخشى. سىلەر ھەممىڭلار ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار،

ھەممىڭلار كېلەچەكتە دۆلەتنىڭ تايانچلىرىدىن بولىسىلەر. سىلەر ھازىر گەرچە كىچىك بولساڭلارمۇ، مەن سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردىن شۇنى كۆردۈمكى، سىلەر ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىكەنسىلەر، دۆلەتنىڭ ئېگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىرادەڭلار كۈچلۈك ئىكەن! مەن يەنە سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردىن يۇرتىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدىنى كۆردۈم!

دىڭ مۇئەللىمنىڭ گېپى ياڭراق چاۋاك سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.

دىڭ شىشيەن كۆڭلىدە: دىڭ مۇئەللىم بۈگۈن ئاجايىپ ياخشى سۆزلىدى. نېمىشقا ئادەتتىكى چاغلاردا دىڭ مۇئەللىمنىڭ ھاياجانغا تولغان مەردانە قىياپىتىنى كۆرمىدۇق؟ چۈنكى، شىيېشىڭ بازىرى ئەزەلدىن بېكىنمە ۋە بۇرۇقتۇرما ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن، كۆپچىلىكنىڭ تىنچ تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئەمدى ياخشى بولدى، بوران - چاپقۇن يېتىپ كەلدى، كىچىككىنە شىيېشىڭ بازىرى بۇ قېتىمقى بوران - چاپقۇندا تاۋلىنىپ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى.

شىشيەن مۇشۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز بار كۈچى بىلەن چاۋاك چالدى.

چاۋاك تىنچىدى، دىڭ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئالدى بىلەن شىيېشىڭ بازىرىدىكى ھەربىر كوچىغا بىرىپ شوئار چاپلايمىز. قەغەز بىلەن موي قەلەمنى مەن تەييار قىلىپ قويدۇم. دىڭ شىشيەن، سەن موي قەلەمدە ياخشى يازىسەن. قىزىل قەغەزگە شوئارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن ياز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ! بولىدۇ! — دېيىشتى ئوقۇغۇچىلار بىر ئېغىزدىن قوللاپ، — دىڭ شىشيەن، قەھرىمانغا ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدىغان مەيدان چىقتى!

— يېشىل قەغەزگە شوئار يېزىشقا مەن مەسئۇل، — دېدى دىڭ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرۇپ، — چىن جېڭمىڭ، ۋاڭ جياجۈڭ ئىككىڭلار قەغەز كېسىشكە مەسئۇل، ئېھتىيات قىلىڭلار، قولۇڭلارنى كېسىۋېلىپ يۈرمەڭلار؛ جۇ ئېرۋا، لى جىدې سىلەر بىرىنچى، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلارغا مەسئۇل بولۇپ شوئار چاپلايسىلەر. كونا رەستىنىڭ بولۇڭ - پۇچقاقلىرىمۇ قالمىسۇن... ئىشىنىمەنكى، سىلەر كىچىك بولساڭلارمۇ بۇ قېتىمقى تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتىدە چېنىقىسىلەر...

ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى، ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سوركەپ، يولغا چىقىشقا ئالدىراشتى.

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ دىڭ مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمدى. ئۇ:

— ئالدىرىماڭلار، جىددىيلەشمەڭلار. يەنە بىر ۋەزىپە بار. «ئەتىكى ئازاب ناخشىسى»نى ئۆگىنىمىز، ئۆگىنىپ بولۇپ، بازاردىكى پۇقرالارغا ئېيتىپ بېرىمىز. ئېيتىڭلارچۇ، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — شۇنىڭ بىلەن ياڭراق ھەم تەكشى ئاۋازدا دەممۇدەم ئېيتىلغان ئومۇمىي خور كاتەكتەك سىنىپتىن، ئالقانچىلىك دۆڭدىن ھالقىپ قەدىمىي يېزا بازىرىغا تارقالدى:

ئەتىمىز خاراب، خاراب ئەتىمىز،
بۈگۈننى قويۇپ ئەتىنى ئويلا،
ئازابلىق كۈنلەر ئالدىمىزدىلا.
....................

سىچۈەن قوزغالغان، بۇ قوزغىلىش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيگەندى. ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنى لەرزىگە سالغان شۇ قېتىملىق يول قوغداش ھەرىكىتى داۋامىدا، ئۆسمۈر دېڭ شياۋپىڭ بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قاناتلىرىنى كېرىپ ئۈچۈشنى مەشىق قىلىۋاتقان بۈركۈت چۈجىسىدەك جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈرەشنىڭ تاۋلىشىنى تۇنجى قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەتىكى سەپەرگە قەدەم قويۇپ، جەسۇر ئىنقىلابچىغا، سىياسىيونغا ۋە تۆھپىكار خەلق داھىيسىغا ئايلانغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھايات مۇساپىسىدە، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەڭ بالدۇر قالدۇرغان ئىزى بولۇشى مۇمكىن.

# گۇاڭئەن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدە

مىلادىيە 1915 ـ يىلى دېڭ شىشيەن ئون بىر ياشقا كىردى.

بۇ چاغدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان، يۇقىرالارنىڭ بېشىدا تالاي يىللاردىن بېرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ كېسىپ تاشلانغانىدى.

يۇقىرالار شۇنىڭدىن تارتىپ تىنىچ تىرىكچىلىك قىلىدۇ دېيىشكەنىدى. لېكىن، تارىخنىڭ چاقى كىشىلەر ئارزۇ قىلغان نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمىدى.

چىڭ خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جايلاردىكى مىلىتارىستلار ھېلىھەم مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا يەر ئىگىلەپ، يەرلىكنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى ۋە مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلمايدىغان «مۇستەقىل پادىشاھلىق» قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇلار يەر ۋە مەنپەئەت تالىشىپ يىلمۇيىل ئۆزئارا ئۇرۇش قىلدى، يۇقىرالار يەنىلا چېكى يوق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى.

دېڭ شىشيەن: جۇڭگو يۇقىرالىرى نېمىشقا بۇنداق بەختسىز، نېمىشقا بىرەر كۈنمۇ ئارامخۇدا ياشىيالمايدۇ؟ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەختتىن غۇلاپ چۈشتى، لېكىن نېمىشقا چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا خەلقنىڭ

شىللىسىغا مىنىۋېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى.

تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتى ئۆتۈپ كەتتى، شىيېشىڭ بازىرىدا بۇرۇنقىدەك بۇرژۇئا تۈرمىلىق ۋە تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى، ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەك، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوقتەك قىلاتتى. بۇ زادى قانداق گەپ؟

دىڭ شىشيەن مۇشۇنداق بىر قاتار سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەچ بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتكۈزدى، مىلادىيە 1915 - يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن گۇاڭئەن ناھىيەلىك يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى.

بۇ چاغدا گۇاڭئەن ئايمىقى گۇاڭئەن ناھىيەسىگە ئۆزگەرتىلگەنىدى. شىيېشىڭ بازىرىنىڭ نامىمۇ جۇڭخۇا مىنگونىڭ يېڭى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش پرىنسىپى بويىچە شىيېشىڭ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، گۇاڭئەن ناھىيەسىگە بىۋاستە قارايدىغان ئوتتۇز نەچچە بازارنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى.

گۇاڭئەن ناھىيەلىك يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى دۆڭگە جايلاشقانىدى. بۇ مەكتەپنىڭ تەكتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىمتىھان ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىلىم يۇرتى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كېجۈي تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇاڭئەنلىك پۇ دىيەنجۈن (بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سىچۈەندە قوزغالغان تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرى) زىجىن جىڭشى بىلىم يۇرتىنى ئاساس قىلىپ، گۇاڭئەندىكى پېيۋېن، چۈجياڭ، گەنتاڭ قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىنى مەزكۇر بىلىم يۇرتىغا قوشۇپ، ناھىيەلىك يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىققاندى.

بۇ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بولۇپ، سىچۈەندە قوزغالغان تۆمۈريول قوغداش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەم ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان مەشھۇر زاتلاردىن جاڭ لەن ئەپەندى، لولۇن ئەپەندى قاتارلىقلار مۇشۇ مەكتەپتە دەرس ئۆتكەنىدى. شۇڭا، بۇ مەكتەپ ئىلغار ھەم يېڭىچە ئوقۇتۇش تۈسىنى ئالغان يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى.

1989 - يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ قىزى ماۋماۋ بۇ مەكتەپنىڭ كونا ئورنىغا كېلىپ، «تاملىرى كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئىشىك - دېرىزىلىرى ياغاچتىن ياسالغان، ئۆگزىلىرىگە كۆك كاھىش ياتقۇزۇلغان» باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ خۇرسىنغان ھالدا: «دادام يەتمىش يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. شۇ چاغلاردا بۇ مەكتەپ ھازىرقىدەك بۇنداق كونىراپ كەتكەن ھالەتتە ئەمەس بولغىيدى، لېكىن بەك كۆركەممۇ ئەمەس بولغىيدى. ئۇچىسىغا پاختىلىق چاپان، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن باللار قولتۇقىغا كىتابلارنى قىستۇرۇپ، پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ - چۈشكەن بولغىيدى...» دېگەنىدى.

ئون بىر ياشقا كىرگەن دېڭ شىشيەن شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

دېڭ شىشيەن 12 - سىنىپقا بۆلۈندى. ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەن چاغدا پۇ دىيەنجۇن، جاڭ لەن، لو لۇن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ مەكتەپتىن كەتكەنىدى. ئەينى چاغدا بۇ مەكتەپكە جۇ جىچاڭ مەكتەپ مۇدىرى ئىدى، ئۇمۇ گۇاڭئەن ناھىيەسىدە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى، جۇ كېشيەن نازارەتچى ئىدى. دېڭ شىشيەن قوبۇل قىلىنغان 12 - سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى لى يۈگاۋ

بولۇپ، ئۇ چاغ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بىلىملىك زاتلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەكتەپتە ئەدەبىيات، ھېساب، تەبىئىي پەن، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە ۋە تەلىم - تەربىيە پەنلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. شۇ چاغدا يەنىلا بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك يوق، ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ ئوقۇتۇش پىروگراممىسى يوق بولۇپ، ئەدەبىيات يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئاساسلىق دەرسلىكى» ئىدى. كۆڭزى، مېڭزىلارنىڭ «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر»دىن باشقا يەنە «قەدىمكى ئەسەرلەردىن ئۆرنەكلەر»، «جاڭ مىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق ئەسەرلەردىن تاللانغان بىر قىسىم ماقالىلەر، «جيې زىنىڭ ياخشى گەپنى رەت قىلالمىغانلىقى»، «بو يىنىڭ تەرجىمىھالى»، «قەدىمىي جەڭگاھقا مەرسىيە»، «ئەسلىي يول»، «ئۇستاز تەلىماتلىرى»، «تەزىيە بىلدۇرگۈچى ئون ئىككى نۆكەر ھەققىدە قەسىدە» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلار ئۆتۈلەتتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى، يادلاش، ئۈنلۈك ئوقۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

شۇ چاغدا گۇاڭئەن ناھىيەسىدە بىر يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بىر ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، بۇ ئىككى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېڭ شىشيەنگە ئوخشاش ئون - ئون بىر ياشلىق بالىلارمۇ، ئون يەتتە - ئون سەككىز، ھەتتا يىگىرمە نەچچە ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىدا بولمىسا مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيتتى. ئۇلار «ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار» دەپ ئاتىلاتتى، ھەر شەنبە كۈنى ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا گۇاڭئەن ناھىيەسىدىن شيېشىڭ

www.uyghurkitap.com

ناھىيە بازىرىنىڭ پەيفاڭ كەنتىگە بارىدىغان تۇزۇكرەك يولمۇ يوق ئىدى. دېڭ شىشيەن ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا دۆڭلەردىن ھالقىپ ئۆتەتتى، تاش يېيىتىلغان يولدا ماڭاتتى، بەزىدە كېمىگە چۈشۈپ دەريادىن ئۆتەتتى.

دېڭ شىشيەننىڭ بىر باسقۇچلۇق بىلىم ئېلىش مەزگىلى ئەگرى - توقاي ھەم جۇدۇن - چاپقۇنلۇق چىغىر يولدا باشلانغانىدى.

مەكتەپ زالىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇۋرۇكتە قەدىمىي جۇڭنىشۇ شەكلىدە سالماق يېزىلغان مەسنەۋى يىل بويى چاپلاقلىق تۇراتتى. مەسنەۋىگە: «بىر ئىزدا توختاپ قالماسلىق، ئۆز - ئۆزىنى ئالدىماسلىق، قەدىمىي بىلىملەرنى تەرتىپى بويىچە ئۆگىنىش، نەتىجە قازىنىش» دېگەن، ئاستىغا: «ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى ئالماسلىق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك، غايىسىدە چىڭ تۇرۇش دانا بولۇشنىڭ ئاساسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

بۇ مەسنەۋى دېڭ شىشيەنگە بەك ياقاتتى. سالماق ھەم كۆركەم يېزىلغان بۇ مەسنەۋى كىشىگە زوق ھەم سۆيۈنۈش ئاتا قىلىپلا قالماي، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، ئىرادە تىكلەشكە ئۈندەش خاراكتېرىنى ئالغان مەزمۇنغىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ مەسنەۋىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكتى، ئۇنى بىلىم ئېلىشتا ئۆزىگە دەستۇر قىلدى.

دېڭ شىشيەن بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدىكىگە ئوخشاش گۇاڭئەن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدىمۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا يۈز تاپتى ۋە ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشى ھەم ئىززەتلىشىگە نائىل بولدى. بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەر

جەھەتتە دىڭ شىشيەن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى ئىپادىلىدى.

تەبىئىي پەن (ھازىرقى «ئومۇمىي ساۋات» دەرسىگە باراۋەر كېلىدىغان دەرسلىك) دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىسمى زېڭ شۇسېن ئىدى. ئۇ ئەجنەبىيلەر ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان يېڭىچە مۇئەللىم بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ پەننىي بىلىملەرگە بولغان چۈشەنچىسى ئومۇمىيۈزلۈك مۇجمەل، قارىماققا توغرىدەك بىلىنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خاتا چۈشەنچە باسقۇچىدا ئىدى. زېڭ مۇئەللىم ئۆتىدىغان تەبىئىي پەن دەرسى ۋە تەبىئەت بىلىملىرى چەت ئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمىسىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان ئىلىم ـ پەنگە دائىر كىتابچىلاردىن ئېلىنغانىدى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە بىر تۇرۇپ چۈشەنگەندەك، بىر تۇرۇپ چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى. بەزىدە ئۆزلىرىنى تومان ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. زېڭ مۇئەللىم بەزىدە ئوقۇغۇچىلاردىن چۈشىنىكسىز، غەلىتە سوئاللارنى سوراشقا ئامراق ئىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى، لېكىن يەنە مۇئەللىمدىن قورقاتتى.

دىڭ شىشيەن بۇ دەرسكە بەك ئامراق ئىدى.

بىر قېتىم مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن مۇنداق بىر سوئالنى سورىدى: ئاق نەرسە نۇر قايتۇرىدۇ، لېكىن ئىسسىقلىق سۈمۈرمەيدۇ، قارا نەرسە ئىسسىقلىق سۈمۈرىدۇ، لېكىن نۇر قايتۇرمايدۇ، كىشىلەر كۆچلۈك قۇياش نۇرىدىن ئاق كۆنلۈك بىلەن ئەمەس، بەلكى قارا كۆنلۈك بىلەن دالدىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئوقۇغۇچىلار بۇ غەلىتە سوئالنى بىر پەس غۇلغۇلا قىلىشتى ـ يۇ، ئېنىق جاۋاب بېرىدىغان بىرەرى چىقمىدى.

www.uyghurkitap.com

زېڭ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر - بىرلەپ ئىسمىنى ئاتىدى، ئىسمى ئاتالغان ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بىر نېمە دەپ بېرەلمىدى.

زېڭ مۇئەللىم ئاخىرى يېشى ئەڭ كىچىك، بويى پاكار دېڭ شىشيەننىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. شىشيەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلىدە ئېنىق سان باردەك:

— چۈنكى، يازدا قۇياش بەك چوڭ، نۇر كۈچلۈك، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا قارا كۈنلۈكنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ، كۈنلۈكنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەندە، كۈنلۈك ئەتراپىدىكى تېمپېراتۇرا مۇناسىپ ھالدا سەل تۆۋەنلەيدۇ. يۇقىرى ھەم تۆۋەن تېمپېراتۇرا پەرقى بولغاندا، ھاۋادا كونۋېكسىيە يۈز بېرىپ، شامال پەيدا بولىدۇ. شامالنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرغان ئادەم سالقىنلىق ھېس قىلىدۇ، ناۋادا كۈنلۈك ئاق بولسا بۇنداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

شىشيەننىڭ قىلچە ھودۇقماي بەرگەن جاۋابى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋەتتى. ساۋاقداشلىرى قايىل بولۇشتى.

— قالتىس! قالتىس جاۋاب بەردىڭ! ئولتۇر.

زېڭ مۇئەللىم بۇ سوئالغا دېڭ شىشيەننىڭ بۇنداق توغرا جاۋاب بېرىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ:

— قەدىمكىلەر ئېيتىدۇرلەركى، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان بىلىم بىلەن بىلىملىك بولغىلى بولمايدۇ؛ تەپەككۇر قىلىش، تولۇق چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىلىملىك بولغىلى بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك جىم ئولتۇرۇپ ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش، كاللا ئىشلىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ھەر تەرەپتىكى بىلىملەرنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولماق

دىگەنلىكتۇر. دىڭ شىشيەنگە ئوخشاش كۆپ تەپەككۇر قىلغاندىلا ئۆگىنىشتە نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، — دىدى.

زىڭ مۇئەللىمنىڭ گىپىدىن خىجىل بولغان شىشيەننىڭ يۈزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ ئىچىدە: نىمە گەپ بۇ! مىنىڭ بەرگەن جاۋابىم ئىلمىيمۇ - ئىلمىي ئەمەسمۇ، بۇنى جەزملەشتۈرۈشكە ئۆزۈممۇ پىتىنالمىسام! دەپ ئويلىدى.

شۇ ئىشتىن كىيىن، زىڭ مۇئەللىمنىڭ تەبىئىي پەن دەرسى كۆپ ھاللاردا ئۆزى بىلەن دىڭ شىشيەن ئوتتۇرىسىدا ئىلىپ بىرىلىدىغان ديالوگ دەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

شىشيەننىڭ بويى پاكار ئىدى، سىنىپتا ئەڭ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى. زىڭ مۇئەللىم دەرس سۆزلەۋىتىپ، شاپپىدە توختاپ شىشيەنگە تىكىلىپ قاراپ:

— دىڭ شىشيەن، سەن دەپ باقە، مىنىڭ سۆزلىرىم ئورۇنلۇقمۇ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى ياكى بولمىسا، — دىڭ شىشيەن، سەن بىر نىمە دەپ باقە، بۇ داۋلىنى ساۋاقداشلارغا سەن چۈشەندۈرۈپ قويالامسەن! — دەيتتى.

بۇنداق چاغلاردا شىشيەنمۇ بوش كەلمەيتتى، جاۋاب بىرەلەيدىغان سوئاللارغا قىلچە ھودۇقماستىن ئىككى - ئۈچ ئىغىز گەپ بىلەن ئىنىق جاۋاب بىرەتتى. زىڭ مۇئەللىم مەمنۇن بولغان ھالدا ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ:

— «بەزىدە شاگىرت ئۇستازىنى بىسىپ چۈشىدۇ، بەزىدە ئۇستاز شاگىرتچىلىكمۇ بولالماي قالىدۇ» دىگەن گەپ بار كونىلاردا. شىشيەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئوقۇغۇچى، — دەپ قوياتتى.

بۇ چاغدا پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار خۇددى «ساماۋى كىتاب» ئاڭلاۋاتقاندەك بولاتتى، ئوقۇتقۇچىنىڭ دىگەنلىرى ئۇلارغا قىزىق تۇيۇلاتتى، شىشيەنگە ئالاھىدە مەستلىكى كىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «جىگىرىنى ئېلىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش» تىراگېدىيەسىنى توسۇش

چۇجياڭ دەرياسى يىلاندەك تولغىنىپ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئاقاتتى، سۈپسۈزۈك سۇدا گۇاڭئەن بازىرىدىكى ئېگىز ئاق مۇنار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. دەريا سۈيى يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ياڭرىغان دېكلاماتسىيە ئاۋازى بىلەن فىسگارمون ئاۋازىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئەكېتەتتى.

مەكتەپ قورۇسىدا ناخشا ئاۋازى ياڭرايتتى، كەچكى سالقىن شامال مەجنۇنتاللارنى سىلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كەڭ ھەم ئىللىق دەريا ساھىلىغا دېڭ شىشيەننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە باللىق دەۋرىدىكى چۈشلىرى چوڭقۇر كۆمۈلگەنىدى. بۇ ئۇچۇرما بولغان بۈركۈت چۈجىسىنىڭ كۆك قەرىگە ئۆرلەش، چۇجياڭ دەرياسىنى بويلاپ چاڭجياڭ دەرياسىغا قويۇلۇش، سىچۇەندىن چىقىش، پاراخوتقا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىش، يىراقلارغا سەيلى ـ ساياھەت قىلىش چۈشى ئىدى.

گۇاڭئەن كونا رەستىسىدىكى ئاق مۇنار دېڭ شىشيەن ساۋاقداشلىرى بىلەن دائىم بېرىپ ئوينايدىغان جاي ئىدى. ئېگىز ئاق مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقسا تولغىنىپ ئېقىۋاتقان چۇجياڭ دەرياسىنىلا ئەمەس، بەلكى يەلكەنلەرنىڭ دەريا يۈزىدە ئەلەڭلەپ تۇرغان سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى؛ يىراقلارغا نەزەر سالغاندا، قارىيىپ ياتقان سۇپىڭشەن تاغلىرى، قەدىمىي

كۆيشىنىڭ راۋىقى، ھەتتا پوتكول گۇۋاھچىسى بازىرى ئالىقاندا تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

شىشيەن ئېگىز ئاق مونۇاردا تۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ بويىنىڭ پاكارلىقىدىن ئاغرىنىدىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ھەر قېتىم ئاق مونۇاردا تۇرۇپ يىراقلارغا قاراپ زېمىنغا نەزەر سالغاندا، ئاجايىپ قانائەتلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى، ھەتتا ۋۇجۇدىدا بىرخىل كۈچ - قۇۋۋەت، ئىشەنچ مەۋج ئۇرۇۋاتقاندەك، يۇقىرى ئۆرلەۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى.

شۇنداق، دېڭ شىشيەن بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ ھازىر ئۆزىنى كىچىك بالا سانىمايتتى، ئۆزىنىڭ تېز يېتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى كاللىسىدا داۋاملىق بىر قىسىم غەلىتە خىياللار ۋە ئويلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلبى بەزىبىر ئارزۇ - تىلەك ۋە غايە - ئىستەكلەر بىلەن تولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ئارزۇ - تىلەك ۋە غايە - ئىستەكلەر ئۇنى ھاياتنى قىزغىن سۆيۈشكە، ھاياتقا ئېتىبار بىلەن قاراشقا ئۈندەيتتى.

بىر كۈنى چۈشتە دېڭ شىشيەن ياخشى ئۆتىدىغان پارتىدىشى لى زەيبياۋ بىللە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ چۈجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئاق مونارغا يەنە كەلدى.

— ... ئىشلار شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۈندۈز ياكى كېچىگە باقماي! — شىشيەن دولقۇنلىنىپ شەرققە قاراپ ئاققان دەرياغا قاراپ، يېقىندا ئۆگەنگەن قەدىمىي شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

— ھوي، دېڭ شىشيەن، مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىش توغرۇلۇق ئويلاندىڭىز؟ — دەپ سورىدى زەيبياۋ.

— ئويلانمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دېدى دېڭ شىشيەن يىراقلارغا قاراپ، — مەن زېڭ مۇئەللىمدىن ئاڭلىدىم، ياۋروپادا ئىلىم - پەن دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. زېڭ مۇئەللىم ئېيتقاندەك «سەي ئەپەندى»، «دې ئەپەندى» دەپ يەنە بىرى بار تېخى، ئۇ دېگەن دېموكراتىيە. ئېلىمىز ھەقىقەتەن تولىمۇ قالاق، بەك بېكىنمە ھالەتتە! ئاۋۇ تەرەپتىكى ئېتىزلىقتا قارىغىنا، قېرى ئۆكۈز ساپان سۆرەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەزمىلىك بىلەن ساپان سۆرەۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولدى، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئارقىدا قالغانلار ھامان دۇمبالىنىدۇ! ئېلىمىز خەلقى تەقدىرگە، سەككىز خەتكە ئىشىنىشكە رازى ئىدىكى، ئازراق بولسىمۇ ئىلىم - پەننى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش! تاللاش توغرا كەلسە، مەن ئىلىم - پەننى تاللايمەن، ئىلىم - پەن بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىنى تاللايمەن. ھوي، لى زەيبياۋ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنى قىلىسەن، سەنمۇ دەپ باقمامسەن؟

لى زەيبياۋ چۆپلۈكتە چۆپنىڭ ئۇچىنى چايناپ ياتاتتى. ئۇ:

— ھەي! ئائىلەم نامرات، ئاپام ئاغرىقچان، مەن داۋاملىق ئوقۇيالمايمەن. شۇڭا، ھازىر مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم مەكتەپنى تېزرەك پۈتكۈزۈپ، ئۆيگە قايتىپ ئاپامنىڭ ھالىدىن

خەۋەر ئىبلىش، — دېدى.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپقۇ! ۋاپادار ئوغۇل بولغۇدەكسەن. «يىگىرمە تۆت ۋاپادار بالا» دېگەن ھېكايىگە «زەيبىياۋنىڭ ئاپىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى» دېگەن ھېكايە قوشۇلغۇدەك.

دېڭ شىشيەن لى زەيبىياۋنىڭ ئاپىسىنى تىلغا ئالغىنىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئاپىسى كۆز ئالدىغا كەلدى - دە:

— مېنىڭمۇ ئاپامغا بەك جاۋاب قايتۇرغۇم بار. دادام ئەتىدىن - كەچكىچە سىرتنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش. ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشى، ئۆيمە يوپۇرمىقى ئۈزۈش، پىلە بېقىش، رەخت توقۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاپامغا قاراشلىق. ئاپام بەك جاپاكەش! مەن بەزىدە ئاپامنىڭ مېنى باققان ئەجرىنى بىر ئۆمۈر تۆلەپ بولالمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن! — دېدى.

ئىككى ئۆسمۈر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر - بىرىگە يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتىۋاتقان چاغدا، بىر بېلىقچى بوۋاي بېلىقچىلىق سايمانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، قىرغاقتا توختىتىپ قويۇلغان قېيىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بېلىقچى بوۋاي شىشيەن بىلەن زەيبىياۋنىڭ دەريا بويىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھوي، ئوقۇغۇچى باللار، سىلەر نېمىدېگەن ئەركىن! — دېدى.

— تاغا، جاپا چەكتىلە! — دېدى شىشيەن بىلەن زەيبىياۋ تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، — بېلىق تۇتقىلى ماڭدىلىمۇ؟

— ھەئە. سىلەر قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىلەر؟ مەكتەپتىن قېچىپ چىققانلارمۇيا؟ ئوقۇشتىن قېچىش ياخشى ئەمەس

جۇمۇ ! ئاتا ـ ئانىلار، مۇئەللىملار بىلىپ قالسا، پالاق يەيسىلەر ! ــ دېدى بوۋاي.

ــ ئۇنداق ئەمەس، تاغا، ــ دېدى شىشيەن چۈشەندۈرۈپ، ــ ئىككىمىز يوقىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيمىز. ھازىر چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى، بىز ئاق مۇنارنى كۆرگەچ دەريا بويىغا ئوينىغىلى كەلدۇق.

ــ ھوي، ئەمىسە مەن سىلەرگە ئۇۋال قىلىپتىمەن ! كەچۈرۈڭلار...

ــ ھوي تاغا سىلىدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم. بۇ ئاق مۇنارنىڭ نېمىشقا چوققىسى يوق، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق؟ سىلى بىلەملا؟

بۇ گۇمانلىق مەسىلە شىشيەننى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ كېلىۋاتقانىدى.

ــ سەن بۇ سوئالنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن سورىدىڭ ! ــ دېدى بېلىقچى بوۋاي تورنى رەتلىگەچ، ــ سەن مۇشۇ ئاق مۇنارنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان. ئاق مۇنارنىڭ چوققىسى توغرۇلۇق گەپنى لۇڭمېنجېندىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ !

ــ ئەمىسە بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا !

ــ ماقۇل، ئېيتىپ بېرەي، ــ دېدى بېلىقچى بوۋاي بېلىدىن سېرىق تاماكا قاچىلانغان خالتىنى يېشىپ. ئۇ خالتىسىدىن تاماكا ئېلىپ غاڭزىسىنىڭ سەيخانىسىغا باستى، چاقماق بىلەن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاندىن ئاق مۇنارنىڭ تارىخىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ مۇنارنى سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا لۇ بەن ئۇستام ياسىغان ئىكەنمىش. بىر قېتىم لۇ بەن

شاگىرتىنى ئېلىپ گۇاڭئىنگە كەلگەنمىش. لۇ بەن چۇجياڭ دەرياسىدا سايازلىقنىڭ كۆپلۈكىنى، ئېقىننىڭ تېزلىكىنى، ئۆتۈشۈپ تۇرغان كېمىلەرنى دولقۇن پاچاقلىۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئېگىز مۇنار ياساپ، دەريا ئالۋاستىسىغا ھاي بېرىش خىيالىغا كەپتۇ. لۇ بەن ئۇستام بىللە كەلگەن شاگىرتىنىڭ ئىسمى جاۋ چياۋ ئىكەن. ئۇ ھورۇن، پۇرسەتپەرەس، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان يارامسىز نېمىكەن. لۇ بەن كۆڭلىدە: جاۋ چياۋ شۇنچە يىلدىن بېرى ماڭا شاگىرت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ھۈنەردە قانچىلىك ئىلگىرىلىدى، قاراپ باقىدىغان چاغ كەلدى، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شاگىرتىغا: جاۋ چياۋ، بۈگۈن ئاخشام مەن دەريانىڭ بۇ قېتىغا، سەن ئۇ قېتىغا مۇنار ياسايمىز، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئىش باشلايمىز، ئىشنى باش توخۇدا تۈگىتىمىز، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇستاز بىلەن شاگىرت قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن مۇنار ياساشقا كىرىشىپتۇ. بىردەم ياساپ بېقىپ جاۋ چياۋغا ئىش خۇشياقماپتۇ. ئۇ: — ھەي، بۇ مۇنارنى ياساشقا جىق كۈچ كېتىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، كاللىسىغا بىر بولمىغۇر خىيال كەپتۇ. ھى، بولدىلا، كىچىك مۇناردىن بىرنى ياساي دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەريا ياقىسىدىكى تاشلاردىن بىر كىچىك مۇنار قوپۇرۇپ، بىر چەتكە بېرىپ ئۇخلاپتۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا لۇ بەن ھەربىر تال خىش ۋە ھەربىر تال تاشنى ئىنچىكىلىك بىلەن قوپۇرۇپ، بىر خىلدا مۇنارنى ياساۋېرىپتۇ. جاۋ چياۋ ئويغىنىپ ئاسمانغا قارىسا، تېخى باش توخۇ ۋاقتى بولمىغان. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئۇستازى ھە دەپ ئىشلەۋاتقان. ئۇ: مەن خورازنى دوراپ چىللاي، شۇنداق قىلسام ئۇستازىم ماڭا يېتىشەلمەيدۇ، دەپ

ئويلاپتۇ. ئۇ خورازنى دوراپ چىللىغانىكەن، ئەتراپتىكى باشقا خورازلارمۇ چىللىشىپ كېتىپتۇ. ئىككىيلەن كېلىشكىنى بويىچە، مۇنارنى باش توخۇ ۋاقتىدا پۈتكۈزۈپ بولۇشى كېرەك ئىكەن. مۇنارنىڭ ئۈستىنى يېپىۋاتقان لۇ بەن خوراز چىللىغىنىنى ئاڭلاپ ئىشنى توختىتىپتۇ. ئۇ قارىسا، باش توخۇ ۋاقتىغا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن. لۇ بەن جاۋ چياۋنىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاچچىقىدا مۇنارغا ئورنىتىش ئالدىدا تۇرغان مۇنار چوققىسىنى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى جاۋ چياۋغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ دەريانىڭ بويىغا چۈشۈپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى، دەريا سۈيىنىڭ يالىشى بىلەن مۇنارنىڭ چوققىسى يۇمىلاق تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇ تاشنى ئوقتاش دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. قاراڭلار، جاۋ چياۋ ياسىغان مۇنار ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدە، ئاۋۇ قىرغاقتا تۇرغان قورام تاش ئوقتاش شۇ. شۇڭا، ئاق مۇنارنىڭ ھازىرغىچە چوققىسى يوق...

— ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە!

ئۇ ئىككىسى بىلىقچى بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ، مەكتىپىگە قاراپ ماڭدى. قانداقتۇر بىر نەرسە ئۈستىدە ئويلىنىپ كېتىۋاتقان شىشيەن زەيبياۋنى نوقۇپ:

— لى زەيبياۋ، ھېلىقى تاغام بىزگە ئېيتىپ بەرگەن لۇڭمېنجېن توغرىسىدىكى ھېكايىگە ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقا ئىشەنەمەيمەن؟ شۇنداق جانلىق ئېيتىپ بەرگەن تۇرسا.

— لۇڭمېنجېن توغرىسىدىكى ھېكايىنى ياخشى ئېيتتى.

لېكىن، ئاق مۇنارنىڭ چوققىسى توغرىسىدىكى پاراڭنىڭ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. لۈشىمېنجېن ھېكايىسىنى توقۇغان كىشىلەر كېيىنكىلەرنى سەمىمىي بولۇشقا، كۆز بوياماچىلىق قىلماسلىققا ئۈندىگەن. بولمىسا ئۇنداقلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنداقلارنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ!

— دۇرۇس، دۇرۇس! ھەي، دېڭ شىشيەن، سېنىڭ مۇشۇ كاللاڭ باشقىلارنىڭ كاللىسىدىن بەك ئىشلەيدۇ، جۇمۇ! — دېدى لى زەيبياۋ ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ.

— نەدىكىنى! مەن كۆڭزى ھەزرەتلىرىنىڭ ھېلىقى ئۆگەنگەن نەرسىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىك نادانلىقتۇر دېگەن گېپىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن، — دېدى دېڭ شىشيەن، — كېلە، يۈگۈرەيلى، بولمىسا كېچىكىپ قالىمىز.

ئىككىسى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ دېگۈدەك مەكتەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ئىش يۈز بېرىپ، شىشيەن بۇ پارتىدىشىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى شىشيەن بالدۇر خەۋەر تېپىپ، نادانلىقتىن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ تىراگېدىيەنى دەل ۋاقتىدا توسۇۋالدى.

دۈشەنبە كۈنى. دېڭ شىشيەن ئۆيىدىن مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، پارتىدىشى لى زەيبياۋنىڭ مەكتەپكە كەلمىگەنلىكىنى بايقىدى. شىشيەن ئادەتتە زەيبياۋغا بەك كۆيۈنەتتى. بولۇپمۇ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ تازا باياشات ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىقتىساد قىلغان پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زەيبياۋغا بېرەتتى ۋە بەخت -

www.uyghurkitap.com

سائادەتكە ئېرىشكەندە جاپالىق كۈنلەرنى، جاپالىق كۈنلەردە بىللە بولغان بۇرادەرلەرنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. «هالاۋەتنى تەڭ كۆرۈش» دېگەن مانا مۇشۇ، — دەيتتى.

لى زەيبىياۋ شىشيەندىن مىننەتدار بولاتتى، ئەمما ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ پەقەت تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن:

— ئاپامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كەتسە، ئاپامغا دەپ ساڭا گۈيخۇاگۈلى تورتى ئەتكۈزۈپ بېرىمەن. ئاپام ئەتكەن گۈيخۇاگۈلى تورتى بەك مەززىلىك! 

— بولىدۇ، ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇر ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيلى. مەززىلىك گۈيخۇاگۈلى تورتىنى قانچە بالدۇر يېسەك شۇنچە ياخشى.

لېكىن، زەيبىياۋ بۇگۈن مەكتەپكە كەلمىگەنىدى. ئۆيدە بىرەر ئىش چىقتىمۇ؟

دەرۋەقە، بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىن، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قارايدىغان ھەم لى زەيبىياۋ بىلەن بىر كەنتلىك ئىشچى لى بوۋاي لى زەيبىياۋدىن ئايرىلماي يۈرىدىغان دېڭ شىشيەننى تېپىپ ئۇنىڭغا:

— ئاڭلىدىڭمۇ، زەيبىياۋنىڭ ئۆيدە چوڭ ئىش چىقتى، — دېدى.

— قانداق چوڭ ئىش ئۇ؟ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتىمۇ؟

— ھەئە، بۇ ئانىسىنىڭ كېسىلىدىنمۇ ئېغىر ئىش. زەيبىياۋ ئايال باخشى بىلەن دوەن گوڭنىڭ بىر رېتسېپىغا ئىشەنگەن. رېتسېپتا ئادەم جىگىرى يېسە ئاناڭنىڭ كېسىلى ساقىيىدۇ، دېيىلگەن. زەيبىياۋ ئانىسىغا ۋاپادار بالا بولغاچقا، بۇ

رېتسېپقا ئىشىنىپ، ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، باغرىنى يېرىپ جىگىرىنى سۇغۇرۇپ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ...

— نېمە ئىش بۇ؟ تازا نادانلىق - دە بۇ ! زەيبىياۋ نېمىدېگەن ئەخمەق ! — دېدى دېڭ شىشيەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىت - تىت بولغان ھالدا تىرىكىپ، — ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭ. ئايال باخشى، دۇەن گۇڭلارنىڭ ئادەم ئالدايدىغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان !

ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. شىشيەن دەرھال رۇخسەت سورىدى. ئۇ ئىشچى لى بوۋاينىڭ يول باشلىشى بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ لى زەيبىياۋنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

بۇ چاغدا زەيبىياۋ ئۆتكۈر بىر چەيدونى تەييارلاپ قويۇپ، ھويلىسىدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئون نەچچە ياشلىق ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ئۆزى قارار قىلغان ئىشقا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى.

زەيبىياۋ شىشيەننىڭ توساتتىن ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى بولغاي، يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— دېڭ شىشيەن، ئاپامنى... قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، ئاپامنى قۇتقۇزالىسام، جېنىمدىن كېچىشكە توغرا كەلسە جېنىمدىن كېچىمەن، — دېدى.

— سەن... بۇ سېنىڭ نادانلارچە ۋاپادارلىقىڭ !

ھاسىراپ كەتكەن شىشيەن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالدى.

— سەن نېمانداق دۆت؟ ئادەمنىڭ جىگىرى يا دورا بولمىسا، قانداق قىلىپ كېسەل ساقايتالايدۇ ! سەن تەبىئىي پەن ۋە تەنتەربىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق، نېمە دەپ دۇەن

گۈلۈڭ، ئايال باخشىلارنىڭ ئادەم ئالدايدىغان گەپلىرىگە ئىشىنىسەن !

ـــ ئۇنداق ئەمەس، ئادەم ئالدايدىغان گەپ ئەمەس، ـــ دېدى زەيبىياۋ ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولغاندەك تەرزدە، ـــ باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساقايغانلار بار ئىكەن.

ـــ ماقۇل، ماقۇل، بۇنى ئادەم ئالدايدىغان گەپ ئەمەس دەيمۇ تۇرايلى، ئاپاڭنى قۇتقۇزغىلىمۇ بولسۇن. لېكىن، سەن ئويلاپ باقتىڭمۇ، بىر ئادەم ساقىيىپ يەنە بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، بۇ نېمىگە ھېساب بولىدۇ؟

ـــ ئاپام قۇتقۇزۇپ قېلىنىدىغانلا بولسا مەن ئۆلۈشكە رازى، ۋاپادارلىقىمنى تولۇق ئادا قىلسام مەيلى.

ـــ مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە ! لى زەيبىياۋ، سەن ئاخىرى راست گېپىڭنى قىلدىڭ، ـــ دېدى دېڭ شىشيەن گېپىنى داۋام قىلىپ، ـــ سەن بۇ ئىشنى ئاناڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭگە ئابىدە تىكلەش ئۈچۈن قىلىۋاتىسەن ! سەن ۋاپادار ئوغۇل بولۇپ، «يىگىرمە تۆت ۋاپادار بالا» قاتارىغا كىرمەكچى بولۇۋاتىسەن ! ئويلاپ باقمامسەن، بىر ھېسابتا سەن ئاناڭنى قۇتۇلدۇرۇۋالىسەن، لېكىن ئاناڭ بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، قېرىغان چېغىدا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، ۋاپادارلىق يەتكۈزىدىغان ئادەم بولمىسا، ئاناڭنىڭ كۆڭلىرى غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، سەن ئاناڭنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىغا چىداپ تۇرالامسەن؟ مۇشۇنى ۋاپادارلىق يولى دېگىلى بولامدۇ؟ سەن تويۇق يولغا كىرىپ قاپسەن…

ـــ مەن… ئاپامنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن… ـــ دېدى ئۇ بىچارىلەرچە تىلىنى چايناپ.

— كېسەلنى بىر ئامال قىلىپ ساقايتىش كېرەك، لېكىن دورۇس تېۋىپقا كۆرسىتىش ۋە يېزىپ بەرگەن رېتسېپى بويىچە دورا ئېلىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئىشەنمەيمەن، ئانىڭ سېنىڭ جىگىرىڭ ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنى ھەرگىز دورا ئورنىدا يېمەيدۇ. بۇ سېنىڭ ئانائىنى قۇتقۇزغىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئانائىنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغىنىڭ، — دېڭ شىشيەن سۆزلىگەنسېرى قايناپ كېتىۋاتاتتى، — سېنىڭ كاللاڭ «يىگىرمە تۆت ۋاپادار بالا» رىۋايىتى بىلەن ئۇماچ بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنچە يىل ئوقۇغىنىڭ قېنى؟

دېڭ شىشيەن خاپا بولغان ھەم تىت - تىت بولغان ھالدا زەيبياۋغا تەنبىھ بېرىۋاتقان چاغدا، زەيبياۋنىڭ ئاپىسى سەنتۇرۇلگىنىچە ئۆيدىن چىقتى.

ئوغلى بىلەن ئوغلىنىڭ ساۋاقدىشى ئوتتۇرىسىدا بولۇنۇۋاتقان پاراڭلارنى ئانا ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ بۇنداق بولمىغۇر خىيالغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ كۈچىنىپ تۇرۇپ:

— بياۋۋا، مەن گېپىڭنى ئاڭلىدىم. ماۋۇ ساۋاقدىشىڭ توغرا ئېيتىدۇ، سېنىڭ بۇنداق قىلىشىڭ ماڭا قىلغان ۋاپادارلىقىڭ ئەمەس، يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلغىنىڭ بولىدۇ! ھەي، ھەممىگە مېنىڭ مۇشۇ كېسىلىم سەۋەبچى. سەن دۆن گۆڭ بىلەن باخشى ئايالنىڭ گېپىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ كەتتىڭ... — دېدى.

— ھاما، بولدى گەپ قىلمىسىلا، — دېدى شىشيەن ئالدىراپ زەيبياۋنىڭ ئانىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، — ئالدىرىمىسىلا، زەيبياۋ ئەقلىدىن ئېزىپ سالدى ھەم بولمىغۇر گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئەخمىقانە ئىش

قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. ئەمدى بولدى، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، زەيبىياۋ ئاخىرى چۈشەندى، ئوبدان داۋالانسىلا، مەن ئۆيگە بېرىپ دادامغا دەيمەن، دادام بىر ئامال قىلىپ، بىرەر ئۇستىراق تېۋىپقا كېسەللىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۈنۈملۈك دورا يازدۇرۇپ بېرىدۇ...

شىشيەننىڭ دەل ۋاقتىدا بېرىپ سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، لى زەيبىياۋنىڭ باغرىنى يېرىپ جىگىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى توسۇپ قېلىندى، نادانلىق تۈپەيلىدىن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان تىراگېدىيەنىڭ ئالدى ئېلىندى. زەيبىياۋ مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ياخشى ساۋاقدىشى دېڭ شىشيەننىڭ سەمىمىي دوستانىلىقىنى، باشقىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، غېمىنى يەيدىغان ئاق كۆڭۈل مىجەزىنى چۈشەندى. ئەلۋەتتە، ئۇ شۇ تاپتا شىشيەن ئېيتقان ئىلىم - پەن بىلەن نادانلىقنىڭ، فېئودال قائىدە - يوسۇندىكى «24 ۋاپادار بالا» بىلەن ھەقىقىي ئىنسان ئەخلاقىنىڭ بىر - بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ يەتتى.

دېڭ شىشيەننىڭ كىچىك تۇرۇپ ساۋاقداشلىرىنىڭ فېئودال خۇراپاتلىقنى تۈگىتىشىگە ياردەم قىلغان، پارتىدىشى زەيبىياۋنى «باغرىنى يېرىپ جىگىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇش»تىن ۋاقتىدا توسۇغانلىقىغا ئائىت ھېكايە قىزىق پاراڭغا ئايلىنىپ، مۇشۇ كۈنگە قەدەر يېتىپ كەلدى. ئارىدىن توقسان نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ كىچىككىنە ھېكايە گۇاڭئەن ناھىيەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ھېلىھەم تارقىلىپ يۈرمەكتە.

# چىڭقىچۈشتە شال ئۇتاش

شەرقىي سىچۈەن تەرەپلەر ياز كۈنلىرى تونۇردەك ئىسسىپ كېتەتتى، لېكىن تەتىلگە چىققان دېڭ شىشيەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاۋا ھەرقانچە ئىسسىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ تاقابىل تۇرىدىغان ئامالى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان سۈزۈك سۈلۈق كۆلچەكتە قانغۇچە سۇغا چۆمۈلەتتى ياكى سۇ ئاستىغا چۆكۈۋالاتتى.

سۈزۈك سۈلۈق كۆلچەك ئەسلىدە كەڭمۇ ئەمەس، چوڭقۇرمۇ ئەمەس دەريا شاخابچىسى ئىدى. سۈپسۈزۈك ئېقىن نۇڭشى دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، پەيفاڭ كەنتى ئەتراپىدا ئەگرى - بۈگرى ئېقىپ ئاندىن يەنە چۇجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. دېڭ جەمەتى ھويلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بۇ دەريا شاخابچىسىنىڭ ئۇزۇن يىل يالىشىدىن ھاسىل بولغان ئازگال بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كەتكەنىدى. كىشىلەر ئۇنى «سۈزۈك سۈلۈق كۆلچەك» دەپ ئاتىشاتتى.

سۈزۈك سۈلۈق كۆلچەك پەيفاڭ كەنتىدىكى ئاياللارنىڭ كىر - قات يۇيىدىغان، گۆرۈچ ۋە ئوتياش ئادالايدىغان جايى بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ كەنتتىكى بالىلارنىڭ جەننىتى ئىدى. بۇ كۆلچەككە شىشيەنمۇ بەك ئامراق ئىدى. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سەھەر تۇرۇپ كۆلچەك بويىدا دەرس تەكرارلايتتى، مەكتەپتىن قايتقاندا كۆلچەكنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ، سۇنىڭ

ئوتتۇرىسىدا پەيلىرىنى تاراۋاتقان ئۆردەكلەرگە قاراپ تۇرۇشقا خۇشتار ئىدى، ھەتتا ئۆمۈچۈكلەرنىڭ سۇ يۈزىدە يەڭگىل تەۋرىنىپ، يۇملاق سۇ دولقۇنلىرى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆزىتەتتى...

شىشيەن شىيىشىڭ بازىرىدىكى بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، بىر قېتىملىق تەتىل ۋاقتىدا ئۆزىدىن چوڭراق باللاردىن كۆلچەكتە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ سۇ ئۈزۈش، سۇغا چۆكۈش ماھارىتىنى تېزلا ئۆگىنىۋالغانىدى، سۇغا چۆكۈپ بېلىق سىلاش ئۆسمۈر دېڭ شىشيەننىڭ يەنە بىر «ئارتۇقچىلىقى» ئىدى.

ھازىر ئۇ گۇاڭئەن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. مۇشۇ تەتىلدىن كېيىن، ئۇ گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەتتى. چۈنكى، ئۇ گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈش ئىمتىھانىغا قاتناشقانىدى، ئىمتىھانىنى يامان ئەمەس بەرگەندەك قىلاتتى، شۇڭا مەكتەپنىڭ ئېلان چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

شىشيەن مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان ئەتىگەندىن – كەچكىچە بىكار يۈرمىدى، مومىسى بىلەن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئاز – تولا ئىش قىلدى. ھويلىنى سۈپۈردى، سۇ توشۇدى، چىتلاقنى ئوڭشىدى، پىلە بېقىش ئۆيلىرىدىكى پىلە شازىلىرىنى ئادالىدى، ئىشلارنى تالىشىپ يۈرۈپ قىلدى.

ئاپىسى ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ھەمىشە ئىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىشتىن توسۇپ:

— شيەنۋا، ئاچاڭ بىلەن ئىككىمىز يېتىشىمىز. ئوقۇغۇچى دېگەننىڭ تېرىسى نېپىز، ئېتى يۇمران بولىدۇ، قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلسا بولمايدۇ، چارچاپ ئۇزۇلۇپ قالما يەنە... — دەيتتى.

— ئاپا، — دەيتتى شىشيەن، — سەن مېنى «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، زىرائەت بىلەن ئوت - چۆپنى ئايرىيالمايدىغان ئاقىنانچى» قىلىپ تەربىيىلىمەكچىمۇ؟ مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىنىمنى چېنىقتۇرۇپ بەرسەم تېخىمۇ قاۋۇل چوڭ بولىمەن!

— گەپكە كەلگەندە مەن ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن. ئوقۇغانلار نېمىلا دېسە گېپى يوللۇق بولىدۇ، — دەيتتى ئاپىسى.

شىشيەن ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپلا قالماستىن يەنە ئۆيدىكى تاغىسى دېمەتلىك يىللىقچىغا ئۆزىنى شال ئېتىزىغا ئىشقا ئاپىرىشنى ئېيتىپ يالۋۇراتتى!

يىللىقچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— بەگزادەم، سىزنى ئاپىرىشقا بولمايدۇ! توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىسىز. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى سىلەردەك ئوقۇغان ئادەملەر قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئوقۇغان ئادەملەر ئاشلىق تېرىشقا ئەمەس، ئاشلىق يېيىشكە يارىتىلغان ... — دەيتتى.

— دېگەن گەپلىرى توغرا بولمىدى، تاغا! «باشقا ئىشلار بىر تىيىن، ئوقۇش ئەلا ھەممىدىن» دېگەن گەپنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى! بۇگۈنكى كۈندە باراۋەرلىك، دېموكراتىيە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

ئەمگەك ھەممىدىن ئەلا دېگەن قاراش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ! دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان، ئوقۇغان ئادەممۇ ئەمگەكچىگە ئايلىنىدۇ، بولمىسا ھېچ نەرسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ! — دەيتتى شىشيەن.

شىشيەننىڭ تەرسالىقىغا تەڭ كېلەلمىگەن يىللىقچى تاغا نائىلاج ئۇنى بىر نەچچە قېتىم شال ئېتىزىغا ئاپاردى. شىشيەن شۇ قېتىملىق تەتىلدە مايسا كۆچۈرۈش، ئوت ئوتاش، ساپان تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆگىنىۋالدى.

«چىڭقىچۇشتە ئوت ئوتايدۇ ئوتاقچى، چىپ - چىپ تەرگە چۈمۈپتۇ باش - كۆزى، ئالدىدىكى تائام قانچە جاپادا تەييار بولغان، بۇنى بىلەر قايسى كىشى.» شىشيەن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتاشىدا كىچىك ۋاقتىدا يادلىۋالغان بۇ تاڭ شېئىرىنى يىللىقچىغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ پۈتلىرى لاي ئىدى. ئۇ:

— تاغا، سىلى بىلەملا، مېنى ئېتىزغا ئاپارمىغان بولسىلا، مەن ھازىرقىدەك قەدىمكىلەر يازغان بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن بولار ئىدىم. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، كۆرگەندىن باشتىن ئۆتكۈزگەن ئەلا» دېگەن مانا شۇ. ئىككىمىز كېلىشىۋالايلى، مەن سىلىگە مەكتەپتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، سىلى ماڭا مايسا تىكىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئوبدان بەگزادەم، — دېدى يىللىقچى تاغا، — سىلەرنىڭ دېڭ جەمەتى ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلىما. سىلىگە ئوخشاش ئېتىزغا بېرىپ مايسا تىكىش، ئوت ئوتاشنى ئۆگىنىمەن دېگەن بالىنى مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم!

— تاغا، ئەمدى توغرا گەپ قىلدىڭلا، دەۋر ئۆزگىرىپ بولدى! — دېدى شىشيەن قىزىقچىلىق قىلىپ، — كونا يوسۇن، كونىچە قاراشلارغا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان سىلىدەك ئادەملەرنىمۇ ئۆزگەرتىش كېرەك! ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى مانا كېسىپ تاشلىۋەتتىلىغۇ!

— بۇ... — يىللىقچى تاغا شىشيەننىڭ قىزىقچىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، بۈگۈنكى زاماننىڭ ئىلگىرىكى زامانغا سەل ئوخشىماي قالغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇنداقتا، زادى قەيېرى ئوخشىماي قالدى؟ ئۇ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە جاۋاب بېرەلمەيتتى!

شۇ كۈنى گۈگۈم چۈشكەن چاغدا شىشيەننىڭ دادىسى گۇاڭئەن بازىرىدىن قايتىپ كەلدى.

شىشيەننىڭ دادىسىنى كۆرمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئاپىسىدىن دادىسىنىڭ ھازىر شىيشىڭ بازىرىدا ئاۋامنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكىنى، يۇرتداشلارنىڭ قانداقلىكى ئىش بولسۇن دادىسىدىن مەسلىھەت سوراپ، يېنىغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتى.

شىشيەن «باۋگېخۇي»نىڭ «ئەمەلدارى» بولغان دادىسىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇڭا كىشىلەر دادامنى «ئەمەلدار» قىلغان ئىكەن - دە! دەپ ئويلىدى.

دېڭ شاۋچاڭنىڭ چىرايى گويا بىرەر خۇشاللىق ئىشقا يولۇققاندەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شىشيەن بۇ ھالنى كۆرۈپ دادىسىدىن ئالدىراش ھالدا:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

— دادا، سەن نېمىگە بۇنچىۋالا خۇرسەن؟ «باۋ گېيخۇي» مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرۈپ، ساڭا يەنە قانداق ئەمەل بەردى؟ — دەپ سورىدى.

— چېچەن بالام! داداڭنى مازاق قىلىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ ساڭا دەي، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ بىرەر ئەمەل تۇتقانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئوقۇشتا يۇقىرى ئۆرلىگىنىڭ ئۈچۈن خۇرسەنمەن.

— مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپتىمەنمۇ؟ باڭ چىقىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى دادىسىدىن شىشيەن خۇشاللىقىدا.

— باڭ چىقىپتۇ! قىزىل باڭ. «دېڭىز شىشيەن» دېگەن ئۈچ خەتنىڭ باڭنىڭ ئەڭ ئۈستىگە يېزىلغانلىقىنى بىر قاراپلا كۆردۈم! شيەنئۋا، مەن بۇرۇنلا بىلەتتىم، سەن يارامىلىق بالا! بۇ دېڭىز جەمەتى ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ئىش! مەن بوۋام، ئۇلۇغ بوۋام قاتارلىق ئەجدادلىرىمغا شام كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسام بولغۇدەك...

— دادا، سىلەر «باۋگېيخۇي» دېكىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئىشىنەمسىلەر! بۇ دېگەن خۇراپاتلىق، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ!

ئاپىسى بىلەن مومىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ شىشيەننىڭ دادىسىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ:

— شام كۆيدۈرەيلى، شام كۆيدۈرەيلى، ئەجدادلىرىمىزدىن تىلەيلى، شيەنئۋا قەدەممۇقەدەم يۇقىرى ئۆرلىسۇن، ئىمتىھان بېرىپ بىلىملىك زات بولسۇن، ئۆلىمالىققا كۆتۈرۈلسۇن! — دەپ چۇۋۇرلىشىپ كېتىشتى.

— سىلەر بەك قىزىق جومۇ، «خەن سۇلالىسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ»،

ھازىر قايسى زامان؟ «بىلىملىك زات»، «ئۆلىما» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيدىكەنسىلەر! — دېدى شىشيەن كۈلۈپ.

......

بۇ مىلادىيە 1918 ـ يىلى ياز پەسلى ئىدى. ئون تۆت ياشقا كىرگەن دېڭ شىشيەن گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى تاماملاپ، ئەلا نەتىجە بىلەن گۇاڭئەن ناھىيەسىدىكى بىردىنبىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ — گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى.

بۇ ۋاقىت دەل ئېلىمىز يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئۇلۇغ ھەرىكەت — «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ ھارپىسى ئىدى. يەرلىك مىلىتارىستلارنىڭ ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋاتقان ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى دەستىدىن سىچۈەن ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى پۇقرالار ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى. ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايتتى.

دېڭ شىشيەن گۇاڭئەن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، مىلادىيە 1915 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار باشلىقى، ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ئېلىمىز خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، ياپونىيە بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ئاھانەت كەلتۈرىدىغان «يىگىرمە بىر ماددىلىق شەرتنامە»نى ئىمزالاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە گېرمانىيە تارتىۋالغان شەندۇڭدىكى «ھوقۇقى»نى ئۈچۈقتىن ـ ئوچۇق ياپونىيەگە سېتىۋەتتى. ھاقارەت خاراكتېرىنى ئالغان بۇ شەرتنامە ئويغىنىۋاتقان

ئېلىمىز خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ياشلار، زىيالىيلار ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار دەرغەزەپكە كەلدى، پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، يەن شىكەيىنى جازالاش ھەرىكىتى تېزلا كۆتۈرۈلدى. كۆپ ئۆتمەي، يەن شىكەي مىليونلىغان خەلقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بىرگىنىچىلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سۆيۈش خاراكتېرىنى ئالغان كۈچ كۆرسىتىش نامايىشلىرى ھەر يىلى ئۈزۈلمەي داۋام قىلدى. ۋەتەنپەرۋەر ئاممىنىڭ «يىگىرمە بىر ماددا»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىگىلىك ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش، ۋەتەن ساتقۇچ قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش ساداسى بارغانسېرى ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى. ئۈزۈنغا سوزۇلغان زۇلمەتلىك كېچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئېلىمىز زېمىنى گويا ئۇزۇندىن بۇيان بېسىلىپ ياتقان ھەرىكەتتىكى يانار تاغدەك پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى...

دېڭ شىشيەننى قانداق قىسمەت كۈتۈپ تۇرىدۇ، شۇ تاپتا ئۇ بۇنى تېخى بىلمەيتتى.



# سۇپىڭشەن تېغىدا ياڭرىغان ناخشا ساداسى

مىلادىيە 1918 - يىلى يازدا، ئون تۆت ياشقا كىرگەن دېڭ شىشيەن شيېشىڭ بازىرى پەيفاڭ كەنتىدە يازلىق تەتىلنى ئاياغلاشتۇرۇپ، گۇاڭئەن ناھىيە بازىرىغا قايتتى. ئۇ بۇ چاغدا گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مىلادىيە 1912 - يىلى قۇرۇلغانىدى. مەزكۇر مەكتەپنى قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى - شەرىپى ۋاڭ يىيى بولۇپ، ياپونىيەنىڭ خۇڭۋېن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەنىدى. ۋاڭ ئەپەندى مائارىپ ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارزۇسىدا ياپونىيەگە بارغان، ۋەتەن - ئەلنى قۇتقۇزۇش، مىللىي روھنى ئۇرغىتىش يولىدا ئىزدەنگەن ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ زات ياپونىيەدە سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى تۇڭمېڭخۇيغا قاتنىشىپ، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان، ئاۋام خەلققە بەخت يارىتىش يولىدا يۇرتى گۇاڭئەنگە قايتىپ كەلگەنىدى.

شۇ چاغدا گۇاڭئەندە زېڭ جېڭيۈەن ئىسىملىك يەنە بىر بىلىملىك زات بار ئىدى. زېڭ جېڭيۈەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خەلپەت بولغان، 1095 - يىلى ئىجازەت بىلەن چىڭدۇ ئالىي دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن،

ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سىچۇەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان. لېكىن، شۇ چاغلاردا سىچۇەننىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئاشكارا - يوشۇرۇن كۈرەش، چىرىكلىك ھادىسىلىرى شەكىللەنگەنىدى. زېڭ جېڭيۈەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ شۇلار بىلەن بىللە بولغىنىپ كېتىشنى خالىماي، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، مائارىپقا تايىنىپ يۇقىرىلارغا ئاز - تولا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئۈمىدىدە ئەمەلنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتقانىدى. شۇنداق قىلىپ، زېڭ جېڭيۈەن بىلەن ۋاڭ يىيى ئىككىيلەننىڭ گېپى ۋە تۇتقان يولى بىر يەردىن چىقىپ قالدى. ئىككىيلەن «خەلق مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «يېڭىچە مائارىپنى تەشەببۇس قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۇاڭئەندىكى سودا ساھەسىدىكىلەر ۋە يۇقىرىلارغا تايىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ مەبلەغ توپلاپ، ئاخىرى گۇاڭئەن تارىخىدا ئەڭ بالدۇرقى مۇنتىزىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باشتا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى زىجىنشەن يۇخۇاڭ راۋىقىنىڭ يېنىدىكى زىجىن جىڭشې بىلىم يۇرتىدا قۇرۇلدى. بۇ بىلىم يۇرتىغا ۋاڭ ئەپەندى مۇدىر، زېڭ ئەپەندى ئىلمىي مۇدىر بولدى. كېيىنكى يىلى گۇاڭئەن ئايىمىقى گۇاڭئەن ناھىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ زىجىن جىڭشې بىلىم يۇرتىدىن گۇاڭئەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سۇيپىڭشەن تېغى باغرىدىكى كاۋپېڭ كوچىسىغا يۆتكەلدى.

كاۋپېڭ كوچىسىدىكى مەكتەپ بىناسى گەرچە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپ ناھىيە بويىچە بىردىنبىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى. كونا كوچىدا ناخشا ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياڭراپ تۇراتتى. ئىككى ئوت يۈرەك، ۋەتەنپەرۋەر ياشنىڭ گۈزەل غايىسى بىر ھېسابتا ئەمەلگە ئاشقانىدى. ئۇلارنىڭ «ئاۋام خەلق مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «يېڭىچە مائارىپنى تەشەببۇس قىلىش» چاقىرىقى ئەينى چاغدا شىمالىي سىچۇەندە ھۆددىچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان جاڭ لەن ئەپەندىنىڭ ماختىشىغا ۋە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى.

جاڭ لەن ئەپەندى بىز باشتا تىلغا ئالغان سىچۇەندە قوزغالغان مەشھۇر يول قوغداش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ سىچۇەن نەنچۇڭلۇق، گۇاڭئەن زىجىن جىڭشى بىلىم يۇرتىدا دەرس بەرگەن، كېيىن دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. بۇ مەشھۇر دېموكراتىك زات يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1 - نۆۋەتلىك مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ دۆلەت قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان. ئەلۋەتتە، بۇ كېيىنكى ئىشلار.

جاڭ لەن ئەپەندى شىمالىي سىچۇەندە ھۆددىچى بولۇپ تۇرغاندا گۇاڭئەننى كۆزدىن كەچۈرگەن. ۋاڭ ئەپەندى بىلەن زېڭ ئەپەندى قۇرغان گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولىمۇ كونىراپ كەتكەن مەكتەپ بىناسىنى كۆرۈپ ھەسرەتلەنگەن. چۈنكى، ئۇ گۇاڭئەننىڭ شۇ چاغدىكى مائارىپ ئەھۋالىنى بىلەتتى. گۇاڭئەندە ئىككى - ئۈچ يۈز مىڭ نوپۇس بار ئىدى. كونىراپ كەتكەن بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتكۈل ناھىيەدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى قانائەتلەندۇرەلمەيتتى. جاڭ لەن ئەپەندى دەرھال ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن يىگىرمە مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ

www.uyghurkitap.com

بەردى. سۈيپىڭشەن تېغىغا جايلاشقان بۇرۇنقى ئايماق يامۇلىغا قاراشلىق ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى يېڭى مەكتەپ بىناسى قىلىندى. 1914 ـ يىلى گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قەدىمىي تار كوچىدىن سۈيپىڭشەن تېغى باغرىغا كۆچتى.

دېڭ شىشيەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، مەكتەپ سۈيپىڭشەن تېغى باغرىغا كۆچۈپ بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قوياش نۇرىغا چۆمۈلگەن تاغ باغرىدىكى مەكتەپ ھويلىسىدا بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ھەركۈنى ئەتىگەندە زېرىكمەستىن كىتاب ئوقۇيدىغان بىر بالىنىڭ سىيماسى كۆپەيدى.

مىلادىيە 1918 ـ يىلى كۈزدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش ئالدىدا، گېرمانىيەلىك فىزىكا ئالىمى ماكس بورانىڭ مەشھۇر «كۋانت نەزەرىيەسى» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رۇسىيە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ توپ ئاۋازى بىلەن ئېلىمىزگە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىنقىلابىي نەزەرىيەسىنى تارقاتتى.

«ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ غەلىبىسى ئېلىمىز ئىنقىلابچىلىرىغا ۋە ئىلغار زىيالىيلارغا ناھايىتى چوڭ مەنىۋى مەدەت بولدى. ماركسىزم ئىدىيەسى ئۇچقۇنى ئېلىمىز زېمىنىدا تېز ھەم كەڭ تارقىلىپلا قالماي، يەنە ئىلمىي دېموكراتىيە يېڭى ئېقىمى ۋە چېن دۇشيۇ تەسىس قىلغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنى بەلگە قىلغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ھەم تېز كېڭەيدى.

مىلادىيە 1918 ـ يىلى كۈزدە گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار «يېڭى ياشلار»

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ماقالىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىنىشتى. ھەر قېتىملىق مۇزاكىرىگە دېگەك شىياۋپىڭ ئاكتىپ قاتنىشاتتى ۋە قىزغىن پىكىر قاتناشتۇراتتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە دېڭ شىشيەن ئېگىز سېرىق دۇپ دەرىخى تۈۋىدە يۇقىرى يىللىق سىنىپتىكى ساۋاقدىشىدىن ئارىيەتكە ئالغان بىر پارچە ماقالىنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ چېن دۇشيۇنىڭ «مېنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىم» دېگەن ماقالىسى ئىدى.

شۇ چاغدا يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى پارتىدىشى، ھازىر گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان لى زەيبياۋ تاماق قاچىسىنى كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:

— شىشيەن، سېنىڭ مۇشۇ يەرگە بېكىنىۋېلىپ بىر نەرسە ئوقۇيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ـ ھە ! ئاپام بىردىن گۈيخۇاگۈلى تورتى ئەۋەتىپتۇ ھەم سېنىڭ تېتىپ بېقىشىڭنى جېكىلەپتۇ ! — دېدى.

— بولماپتۇ، بولماپتۇ، ئاناڭنى جاپاغا قويۇپتۇق ! — دېدى شىشيەن رەھمەت ئېيتقاچ تاماق قاچىسىنى ئېچىپ، — پاھ، نېمىدېگەن مەززىلىك ! رەھىمدىل ئاناڭنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشقىلىپ چوڭ چاتاق يوق، غەربچە داۋالاشنى ئۆگەنگەن بىر دوختۇر كېسىلىنى كۆردى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. شىشيەن، سەن بولۇپ قالدىڭ، بولمىسا مەن... — دېدى زەيبياۋ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا.

— ئەمدى بۇ گەپلەرنى تىلغا ئالما ! — دېدى شىشيەن، — زەيبياۋ، ماۋۇ ماقالىگە قارىغىنا: «... ئېلىمىز تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك دۈشمەنگە، ئىچكى جەھەتتە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە

دۇچ كەلمەكتە... مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن كۈچلۈك دۇشمەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقى ۋە شەخسىي ئەخلاقىنى بۇزۇپ بىر تىيىنگە ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. قورallıق كۈچلەر ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت خەزىنىسى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، سانائەت خارابلاشتى، جەمئىيەت چىرىكلەشتى، كىشىلىك غۇرۇر چۈشكۈنلەشتى، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى خىيانەتچى، سەرگەردانلار ئارىسىدا ئوغرى ـ قاراقچىلار ئاۋۇپ كەتتى، سۇ ئاپىتى ۋە جىددىي تارقىلىشچان كېسەللىكلەر يامراپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ قايسىبىرى بولسۇن، دۆلەتنى ھالاكەتكە، مىللەتنى يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.» قارىغىنا، چېن دۇشيۇ ئەپەندى نېمىدېگەن چوڭقۇر تەھلىل قىلغان!

زەيبىياۋ ماقالىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

شىشيەن گۇيخۋاگولى تورتى يېگەچ خىيال سۈرۈپ، كۆڭلىدە: «تىرىشچان، ئىقتىسادچىل بولۇش، پاك بولۇش، پاكىز بولۇش، سەمىمىي بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش» دېگەن مۇشۇ بىرقانچە سۆز «ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولى» جۈملىسىگە كىرىدىكەن. نېمىدېگەن مۇكەممەل! دەپ ئويلىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە شىشيەن چېن دۇشيۇ ئەپەندىنىڭ مەردانە ھەم كەسكىن يېزىلغان ماقالىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋۇجۇدىدا ئوتلۇق بىر ئېقىمنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

# تىرىشقىن، ۋاقىت سېنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ

مىلادىيە 1919 - يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېڭىلا ئاياغلىشىپ، غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر پارىژنىڭ ۋېرسال سارىيىدا سۇلھى كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى سۇلھى شەرتنامىسىنى سۆھبەتلىشىپ بېكىتتى. دۆلىتىمىز ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە شۇ قېتىملىق سۇلھى كېڭىشىگە قاتناشتى ۋە توققۇز تۇرلۇك لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە 1915 - يىلى شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ كاتتىبېشى يۈەن شىكەي ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «يىگىرمە بىر ماددا»نى، يەنى ئېلىمىزنىڭ گېرمانىيە تارتىۋالغان شەندۇڭدىكى «ھوقۇقى»نىڭ ياپونىيەگە سېتىپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھاقارەتلىك شەرتنامىنى بىكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

لېكىن، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر نامرات ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئېلىمىزنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمىدى، ئېلىمىز ۋەكىلى يوللىغان لايىھە تېگىشلىك ھۆرمەتكە ۋە قوبۇل قىلىشقا ئېرىشمەك بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سۇلھى كېڭىشىدە ياپونىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ئىشغالىيىتى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ئېتىراپ قىلىندى. كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان ئىش شۇ بولدىكى، شۇ چاغدىكى شىمالىي مىلىتارىستلار

www.uyghurkitap.com

كاتتىبېشى دۇەن چىرۇي كونتروللۇقىدىكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى سولھى كېلىشىمىگە قول قويۇپ، ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى تەن ئالماقچى بولۇشتى...

بۇ خەۋەر تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئۈزۈندىن بۇيان بېسىلىپ ياتقان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش كەيپىياتى كۈچلۈك ھەققانىي غەزەپ تۈپەيلىدىن ئوت ئېلىپ كەتتى. ئېلىمىزدىكى بىلىملىك زاتلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە ئوت يۈرەك زىيالىيلار ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سولھى كېلىشىمىگە قول قويۇشىغا، ۋەتەن ساتقۇچ «يىگىرمە بىر ماددا»غا كۈچلۈك قارشى تۇردى.

شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەدىمىي قىزىل بىناسىغا بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىلدى.

يوپيورۇق چىراغ نۇرى ئاستىدا شاۋ پياۋپىڭ ئىسىملىك بىر مۇخبىر ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— نۆۋەتتە، مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە تۇرماقتا! ناۋادا بىز داۋاملىق سۈكۈت قىلىپ تۇرساق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نىجاتلىق يولى ئۈزۈلىدۇ، دۆلىتىمىز قاراپ تۇرۇپ مۇنقەرز بولۇپ كېتىدۇ! بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى. بىز كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز، قوزغىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشىمىز، ئېلىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشىمىز كېرەك... — دېدى.

شاۋ پياۋپىڭنىڭ نۇتقىدىن كېيىن پۈتۈن مەيداندىكى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ئەۋجگە چىقتى. شۇ چاغدا بىر ئوقۇغۇچى سەكرەپ سەھنىگە چىقىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى «جارتتىدە» يىرتىپ، ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلا چىشلىدى ـ دە، قان تېمىپ تۇرغان بارمىقى بىلەن چاپىنىنىڭ يىرتىۋېلىنغان پېشىغا: «چىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى !» دېگەن تۆت خەتنى يازدى. ئەتىسى، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار تۈشمۈتۈشتىن قوزغىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كوچىلارغا چىقتى. ھەيۋەتلىك نامايىشچىلار قوشۇنى ھاسىل بولدى. ئىلىمىز ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە سالغان «4 ـ ماي ھەرىكىتى» مانا مۇشۇنداق پارتلىدى.

بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ياڭراق باھار گۈلدۈرمامىسىدەك پۈتۈن مەملىكەتنى لەرزىگە سالدى. ئارقىدىنلا شاڭخەي، تيەنجىن، جىنەن، چاڭشا، نەنجىڭ، ۋۇخەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوقۇغۇچىلار، زىيالىيلار كەينى ـ كەينىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ۋە نامايىش قىلىپ بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا مەدەت بەردى. ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ئۈنلۈك ئاۋازدا «ۋەتەن ساتقۇچلارنى يوقىتايلى !»، «ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتنى يوقىتايلى !»، «شەندۇڭنى قايتۇرۇۋالايلى ! چىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى !» دېگەندەك ھەقفانىي، ياڭراق شوئارلارنى توۋلىدى.

توكيو، پارىژ قاتارلىق جايلاردىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار، ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلارمۇ داغدۇغىلىق نامايىش ئۆيۈشتۇرۇپ، شەندۇڭنىڭ دۆلىتىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە شاڭخەيدىكى ئىشچىلار ئىش تاشلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارغا مەدەت بەردى ھەمدە ۋەتەن ساتقۇچلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشتى. ئىش تاشلاش دولقۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى. ئىشچىلار،

ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرى كەينى ـ كەينىدىن كۆرەش سېپىگە قېتىلىپ، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەن سۆيۈشتىن ئىبارەت غايەت زور يالقۇن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتىشىپ، بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئېلىمىز زېمىنىنى قاپلىغان مىسلىسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى شەكىللەندى.

گۇاڭئەن گەرچە چەت ـ ياقىغا جايلاشقان كىچىك ناھىيە بازىرى بولسىمۇ، لېكىن سۇ يولى راۋان ئىدى، پاراخوت ۋە كېمىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى، «4 ـ ماي ھەرىكىتى» پارتلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ۋەتەنپەرۋەرلىك ساداسى چوڭچىڭدىن گۇاڭئەنگە تېزلا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن گۇاڭئەن ناھىيەسىلا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلۈپ قالماي، سۈيىڭشەن تېغى باغرىغا جايلاشقان گۇاڭئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ لەرزىگە كەلدى. مەكتەپ قورۇسىدا ناخشا ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان بۇرۇنقى ھالەت غايىب بولغانىدى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. كۆپچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا يىغىلىشتى، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلايتتى.

ـــ ساۋاقداشلار! ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلار! بۈگۈن بىز ھەققانىي غەزەپلىك ھېسسىياتىمىز بىلەن بىر يەرگە يىغىلدۇق، گۇاڭئەن گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن گۇاڭئەن ياشلىرىنىڭ، شۇنداقلا بارلىق پۇقرالارنىڭ ۋەتەن سۆيەر قەلبى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەتەن سۆيەر خەلقنىڭ قەلبى بىلەن تۇتاش... ـــ ئۇستىگە «زېمىنىنىڭ روھى غايىلىك ۋە ئىرادىلىك مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە يار ـ يۆلەك بولىدۇ، قابىلىيەتلىك ۋە جاسارەتلىك ئادەملەر بولمىسا

دۆلەت قۇدرەت تاپالمايدۇ» دېگەن مەسنەۋى يېزىلغان زالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياش بىر ئوقۇتقۇچى پەلەمپەيگە چىقىپ مەيداندىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈنلۈك ئاۋازدا تەشۋىق قىلماقتا ئىدى، — بىراق، ئەسەبىيلەشكەن شىمالىي مىلىتارىستلار ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئېلىپ ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىنى ۋەھشىيانە باستۇردى، پارىژ سۈلھى كېلىشىمىگە قول قويۇش قەستىدە بولدى. ئەكسىيەتچى ۋەتەن ساتقۇچىلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى تولۇق ئاشكارىلاندى ! بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن ! ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىلار، ھازىر چوڭچىڭدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە «شەرقىي سىچۈەن ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۆمىكى» قۇرۇلدى، ئۇلار كوچىلارغا چىقتى، ناھىيەدە دەرس تاشلاش، ئىش تاشلاش ۋە بازار تاشلاش ھالىتى شەكىللەندى. بىز قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە بىپەرۋا قاراپ تۇرامدۇق؟ ياق ! بىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنىغا قوشۇلۇشىمىز كېرەك ! يوقالسۇن مىلىتارىستلار ! يوقالسۇن كۈچلۈك جاھانگىرلار ! شەندۇڭنى قايتۇرۇۋالايلى !

بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتقى بىلەن تەڭلا مەيداندا كۆتۈرۈلگەن شوئارلار يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالدى:

— يوقالسۇن مىلىتارىستلار ! يوقالسۇن ۋەتەن ساتقۇچىلار !

— يوقالسۇن كۈچلۈك جاھانگىرلار !

— چىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى ! شەندۇڭنى قايتۇرۇۋالايلى !

— «يىگىرمە بىر ماددا» بىكار قىلىنسۇن !

......

كۆپ ئۆتمەي گۇاڭئەن ئوقۇغۇچىلار ۋەتەن سۆيۈش جەمئىيىتى قۇرۇلدى. «گۇاڭئەن ئوقۇغۇچىلار ۋەتەن سۆيۈش جەمئىيىتى» دېگەن خەت يېزىلغان پىلاكاتنى كۆتۈرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى شۇيېڭشەن تېغى باغرىنى بويلاپ، ناھىيە بازىرىغا قاراپ ئاقتى...

دېڭ شىشيەن مۇشۇ قايناق سەپنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە جىسمىنىڭ ئۆز ئېلى، ئۆز مىللىتى ۋە بارلىق پۇقرالار بىلەن مۇشۇنداق جىپسىلىشىپ كەتكەنلىكىنى، مۇشۇنداق قەلبداش، ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلاتتى.

نامايىشچىلار قوشۇنى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ساۋاقدىشى لى زەيبياۋدىن باشقا، شىيېشىڭ بازىرىدىن كەلگەن يۇرتدىشى فۇ مىڭدې، دېڭ شاۋشېڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ ئىككىيلەن كېيىن دېڭ شىشيەن بىلەن بىللە فرانسىيەگە بېرىپ ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇدى. فۇ مىڭدې كېيىن ئىسمىنى فۇ لۇڭگە ئۆزگەرتىپ، فرانسىيەدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى ئەزالىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ كومپارتىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرى بولدى. دېڭ شاۋشېڭ دېڭ شىشيەندىن ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، دېڭ جەمەتىنىڭ بوغۇن تەركىبى بويىچە دېڭ شىشيەننىڭ تاغىسى بولاتتى. ئۇ كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇربان بولدى. ئەينى چاغدا ئۇلار گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 10 ـ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار ئىدى.

ئۇلار نامايىشچىلار قوشۇنى ئىچىدە بىلەكلىرىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كۈچلۈك قۇدرەتنى ھېس قىلىشتى.

— دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىدا ھەممە

ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار !

— ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر تال يىپى، بىر پارچە رەختىنىمۇ ئىشلەتمەيمىز !

— ياپونىيە ماللىرىنى بايقوت قىلىمىز ! دۆلەتنىڭ ئار - نومۇسىنى يۇيىمىز !

كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدا يېزىلغان شوئارلارنى گۇاڭئەن ناھىيە بازىرىنىڭ ھەربىر كوچىسىغا، ھەربىر دۇكاننىڭ ئىشىكىگە ۋە ئېگىز تاملارغا چاپلىدى.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ قەتئىي مۇرەسسە قىلماسلىقى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزنى كېيىنكىلەر بېسىپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، پارىژدىكى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، پارىژ سۈلھى كېلىشىمىگە قول قويۇشتىن ئاخىرى باش تارتتى. جۇڭگو خەلقى دىپلوماتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇلۇغ «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلىمىز تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

www.uyghurkitap.com

# «دې ئەپەندى» ۋە «سەي ئەپەندى»

ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاۋام خەلق شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ پارىژ سۈلھى كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش قەستىنى بىتچىت قىلدى. ئەمما، ئۇلۇغ «4 ــ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى، ئۇ چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى. «4 ــ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى 1919 ــ يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قارشىلىق بىلدۈرۈش دولقۇنى بولۇپلا قالماي، بەلكى قەدىمىي جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن قائىدە ــ يوسۇن ئەخلاقى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش ياساش ۋە يېڭىلىنىش ئىدى…

شۇ چاغدا گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى گەرچە «4 ــ ماي» ھەرىكىتى يېڭى ئىدىيە ئېقىمىنىڭ ۋە يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما كونا فېئوداللىق ئىدىيە پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلانمىغان، كونا مەدەنىيەت بىلەن يېڭى ئىدىيە ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى كەسكىن داۋام قىلىۋاتقانىدى. كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار يەنىلا شۇ چاغلاردا ئەۋج ئالغان كۈڭزىنى ھۆرمەتلەش، دەستۇر ئوقۇتۇش، كۈڭزى مائارىپىنى «دۆلەت مائارىپى» قىلىپ بېكىتىش، شۇنىڭدەك ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن «قەدىمكىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش» ئېقىمى نەزەرىيەسىگە ئەگىشىپ، كونا مەدەنىيەتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، كونىلىققا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرغىب قىلىپ، بارلىق ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ يېڭى ئىدىيەلەرنى چەكلىدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق «ۋاپادارلىق دەستۇرى» قاتارلىق كونا دەستۇرلارنى سىنىپقا ئەكىرىپ دەرس قىلىپ ئۆتتى، يېڭىدىن تۈزۈلگەن تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە ۋە خەنزۇ ئېغىز تىلىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى.

بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلاشنى خالىمىدى، بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرستە خورەك تارتىپ ئۇخلىدى، ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق كونا مۇقامغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. دېڭ شىشيەنمۇ بىر دەملىك قىزغىنلىق ھەم تېگىرقاشتىن كېيىن كونا مەدەنىيەت بىلەن يېڭى ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى توغرىسىدا ئويلىنىشقا ئۆتتى.

ئۇ باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاش يېڭى مەدەنىيەت تېڭى ئالدىدىكى بىر مەزگىللىك زۇلمەتلىك دەقىقىلەرگە پاسسىپ مۇئامىلە قىلمىدى.

دېڭ شىشيەن تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، شۇ چاغدا نەشر قىلىنغان «يېڭى ياشلار»، «سچۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللارنى تېپىپ ئوقۇپ، كاللىسىدىكى چىگىش سوئاللارغا شۇلاردىن جاۋاب تېپىش ئۈمىدىدە بولدى.

دېڭ شىشيەن چېن دۇشيۇنىڭ «كونا ئىدىيە ۋە دۆلەت

تۈزۈلمىسى مەسىلىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى: «... چىرىك ئىدىيە پۈتكۈل مەملىكەتنى قاپلاپ كەتتى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسىنى مۇستەھكەملەش ئارزۇسىدا بولىدىكەنمىز، جۇمھۇرىيەتكە قارشى بۇنداق قائىدە ـ يوسۇن ئەدەبىياتى قاتارلىق كونا ئىدىيەلەرنى تازىلاپ پاك ـ پاكىز يوقاتمىساق بولمايدۇ، بولمىسا جۇمھۇرىيەت سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش تۈگۈل، جۇمھۇرىيەت ۋىۋىسكىسىنى ئېسىشتىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ...»

سىچۈەندە شۇ چاغدا ۋۇ يۇ (1871 — 1949) ئىسىملىك داڭدار بىر يېڭى مەدەنىيەت ئەربابى بار ئىدى. زېڭ ئەپەندى شىشيەنگە ۋۇ يۇ ئەپەندىنىڭ سىچۈەن شىنخەنلىك ئىكەنلىكى، ياپونىيەدە ئوقۇغانلىقى، ۋەتەنگە قايتىپ چېڭدۇدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى. «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى ئەڭ بالدۇر سىچۈەنگە تارقىتىلغاندا ئۇنىڭ ئارانلا بەش مۇشتەرىسى بار ئىدى، ۋۇ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىردىن مۇشتەرى بولغانىدى. ۋۇ ئەپەندى «يېڭى ياشلار»نىڭ ئەگەشكۈچىسى ئىدى، ئۇ سىچۈەندە كۇڭزى مائارىپىنى تەنقىد قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلانغانىدى. زېڭ ئەپەندى شىشيەنگە ئوقۇپ چىقىشقا تەۋسىيە قىلغان «ئادەمخورلۇق ۋە قائىدە ـ يوسۇن» ناملىق ماقالىنى مۇشۇ ۋۇ ئەپەندى يازغانىدى.

شىشيەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ يايراپ كەتتى. ماقالىدىكى نۇرغۇن بايانلارنىڭ ئاستىغا قىزىل قەلەمدە سىزىپ قويدى. مەسىلەن: «يىگىرمە تۆت تارىخ، پادشاھلار جەمەتى شەجەرىسى، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلارنىڭ ئىش

ئىزلىرى بايان قىلىنغان... ۋادەرىخا! كۆڭزى، مېڭزى تەلىماتى ئالتە دەستۇردىن تەركىب تاپقان. ئالتە دەستۇرنىڭ جەۋھىرى مەنچىڭنىڭ قانۇن شەرھىسى، ياۋروپالىقلار مەنچىڭنىڭ قانۇن شەرھىسىنى پەسكەشلەرنى ھۆرمەتلەش، ئېسىلزادىلەرنى پەس كۆرۈشتەك سىنىپىي تۈزۈمگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ تۈزۈم ياۋايىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ».

شىشيەن چېن دۇشيۇ، ۋۇ يۇ قاتارلىق يېڭى مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ تەھلىل بايانلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، كىشىنى قايىل قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. «يېڭى ياشلار»، «سىچۇەن ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردىن سەي يۈەنپېي، لى داجاۋ، خۇ شى، لۇ شۈن، جۇ زورېن، چيەن شۈەنتۇڭ قاتارلىق زاتلارنىڭ ئىسمى - شەرىپى بىلەن تونۇشتى. شىشيەن مۇشۇنداق ماقالىلەردىن «4 - ماي ھەرىكىتى» تەشەببۇس قىلغان يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىم ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھۆكۈم سۈرگەن كونا ئىدىيە ۋە كونا ئەخلاقنى شىددەت بىلەن تەنقىدلەش ۋە سۈپۈرۈپ تاشلاش بىلەن بىللە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئىككى چوڭ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ ئىككى بايراقنىڭ بىرى «دېموكراتىيە»، يەنە بىرى «ئىلىم - پەن» ئىدى.

ئەينى چاغدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە Democracy، يەنى «دې ئەپەندى» دەپ، ئىلىم - پەن Science، يەنى «سەي ئەپەندى» دەپ ئاتىلاتتى.

شىشيەن شۇنى چۈشەندىكى، قەدىمىي جۇڭگودا قالاقلىقنى، نامراتلىقنى، مۇستەبىتلىكنى، فېئودال قائىدە - يوسۇن

www.uyghurkitap.com

ئەخلاقىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە زۇلمى ۋە ئاسارىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى «ئەپەندى»نىڭ يېڭى قىنىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك قوبۇل قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا جۇڭخۇا مىللىتى «شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنلىرى» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە قايتىدىن ئورنىدىن دەس تۇرالايتتى، بولمىسا جۇڭگونىڭ تەقدىرىگە يەنىلا كۆز يەتمەيتتى.

مىلادىيە 1919 - يىلى ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدىكى ئاشۇ كۈنلەردە «دې ئەپەندى» بىلەن «سەي ئەپەندى» دېڭ شىشيەننىڭ كاللىسىدىن پەقەتلا چىقمىدى.

ناۋادا ئۇ مەكتەپ قورۇسىدا ئىلغار كىتاب - ژۇرناللاردىن «جاۋاب» ئىزدىمەكچى بولسا، جاۋابىنى ئۇنىڭغا «دې ئەپەندى» بىلەن «سەي ئەپەندى» بېرەتتى. قەدىمىي جۇڭگو گەرچە «دې ئەپەندى» بىلەن «سەي ئەپەندى»نى تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا يېقىنلىشىش، ئىگە بولۇش ئۈچۈن نۆۋەتتە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق مۇساپە بارلىقى دېڭ شىشيەنگە ئايان ئىدى.

شۇ يىلى گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە دېڭ شىشيەن «يېڭى ياشلار» قاتارلىق كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تەسىرىدىن باشقا يەنە قارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغانىدى.

شۇ چاغدا گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە مائارىپ مۇپەتتىشى جىڭ يۈگجۇ ۋە نازارەتچى لۇ شاۋدۇڭ قاتارلىق كىشىلەر يامۇلغا خاس مۇستەبىتلىك ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلمىشتەك بىر قىسىم ئىللەتلىرىنى مەكتەپكە ئەكىرگەنىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ

باراۋەرلىك، دېموكراتىيە توغرىسىدىكى سادالىرىنى خالىغىنىچە دەپسەندە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق راسخوتىنى ئۆز مەيلىچە تۇتۇپ قېلىشتى. بۇ ھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بىراق، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن نارازەتچى ئۆزئارا تىل بىرىكتۇرۇپ، باشلامچى ئوقۇغۇچىلارنى «مەكتەپ ئىستىلى ۋە مەكتەپ ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالىمىز» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن باستى ھەمدە ئۇلارغا چارە كۆردى. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلار قارشىلىق كۆرسەتتى، مەكتەپ دائىرىلىرى ئاسقان ئېلان تاختىسىنى چاقتى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كوللېكتىپ دەرس تاشلىدى، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن نازارەتچىنى مەكتەپتىن ھەيدەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى...

شۇ قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى شۇ چاغدا گۇاڭئەن ناھىيەسىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ قارشىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇستەبىتلىك، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلدى. بۇنى شۇ قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ «4 ـ ماي» يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيەسى ۋە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئىدېئولوگىيەسىنىڭ گۇاڭئەندە پەيدا قىلغان تەسىرىنىڭ بىر قېتىملىق مېۋىسى دېيىشكە بولاتتى.

ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى نەتىجىسىدە مەكتەپ مۇدىرى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى، نازارەتچى شەپىنى ئاڭلاپلا تىكىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار غەلىبە قىلدى. شىشيەن پۈتكۈل ھەرىكەت جەريانىدا «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن

ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى، كۆرەش قىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئىشەنچنى ھېس قىلدى.

دېڭ شىشيەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن كېيىنكى يازلىق تەتىلدە «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ يېڭىدىن نەشردىن چىققان بىر نەچچە سانىنى، بەزىبىر پىكىر ۋە ھاسىلاتىنى ـــ «دې ئەپەندى» ۋە «سەي ئەپەندى» توغرىسىدىكى پىكىر، خىيال ۋە ھاسىلاتنى ئېلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۇرتى پەيفاڭ كەنتىگە قايتىپ كەلدى.

لېكىن، دېڭ شىشيەن شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىن شۇ قېتىملىق ئايرىلىشىنىڭ مەكتىپىدىن، گۇاڭئەن ناھىيەسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. چۈنكى، 1919 ـ يىلىدىكى شۇ يازلىق تەتىلدە دېڭ شىشيەننىڭ دادىسى دېڭ شاۋچاڭنىڭ كەسكىن قارارى ئۇنىڭ ھايات يولىنى بىر كېچىدىلا ئۆزگەرتىۋەتتى. تەقدىر ئۇنى تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ كەڭرى زېمىنغا باشلاش ئالدىدا تۇراتتى.



# فرانسىيە چۈشى

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى قەدىمكى دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان تارىخ، كۆپ ھاللاردا نەزەر دائىرە كېڭەيگەن، دۆلەت دەرۋازىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن تارىخ.

ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قەدىمىي جۇڭگو سىرت بىلەن ئالاقە قىلمىغان، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭغا قانائەت قىلغان مۇستەبىت دۆلەت ئىدى. مىلادىيە 1840 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پاراخوتلىرىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى جۇڭگونىڭ ئېغىر ۋە قېلىن دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئىلغار جۇڭگولۇقلارنى ئويغاتتى. ئۇلار ھەيران بولغان ھالدا دۇنيانىڭ تارد-يىپ كەتكەنلىكىنى، ھەرقانچە قېلىن تام ۋە مۇستەھكەم قورغاننىڭمۇ جۇڭگونى سىرتقى دۇنيادىن ئايرىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بايقاشتى.

ئەپيۇن ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، قەدىمىي جۇڭگو — شەرقتىكى چوڭ ئىمپېرىيە ئاستا - ئاستا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلاندى. خەلق تاشقى جەھەتتە قۇللۇق، ئىچكى جەھەتتە چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىدىن ئىبارەت قوش زۇلۇمغا ئۇچراپ، نامراتلىق دەستىدە

www.uyghurkitap.com

دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۇردى؛ بىر قىسىم ئىلغار جۇڭگولۇقلار، بالدۇر ئويغانغان بىر قىسىم ئىرادىلىك زاتلار بىكىنمە ھالەتتىكى دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىگە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيەگە بېرىپ، دۆلەتنى، خەلقنى قۇتقۇزۇش ھەقىقىتى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

شۇ چاغدا ئۇلار مۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا ئىگە ئىدى: جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق ۋە ئاجىز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى غەربتىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ تىلىنى، سىياسىي ـ قانۇنىنى، ھەربىي ئىشلىرىنى، ئىلىم ـ پېننى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ كونا قاراشلارنىڭ ئاسارىتىنى باتۇرلارچە چۆرۈپ تاشلايدىغان، ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب قىلىشقا، ئەركىنلىككە، دېموكراتىيەگە ئىنتىلىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئىلغار ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش.

شۇڭا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى جۇڭگو زىيالىيلىرى غەربكە يۈزلەندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپونىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقاردى. ئوقۇغۇچى چىقىرىش سۈرئىتى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. «فرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش» مۇ شۇ چاغدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بىلەن غەربكە ئوقۇغۇچى چىقىرىش دولقۇنىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى.

چېن دۇشيۇ ئەينى زاماندا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «ياۋروپا مەدەنىيەتلىك جاي، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقى تۆھپە ياراتقان، ئۇلارنى باش بولۇپ قوزغىغانلار فرانسىيەلىكلەردۇر» دېگەنىدى.

1912 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابى بولۇپ، كېيىنكى يىلى سەي

يۈەنپېي، ۋۇ يۈجاڭ، لى شىزېڭ قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بېيجىڭدا «فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش جەمئىيىتى»نى قۇردى. بۇ جەمئىيەت خىراجەتنى تېجەش، ياۋروپا مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا، دۆلەت ئىچىدىكى شارائىتى بار ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز خىراجىتى بىلەن فىرانسىيەدە ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى، تەشكىللىدى ۋە يول كۆرسەتتى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، سەي يۈەنپېي، ۋۇ يۈجاڭ قاتارلىقلار چەت ئەلدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، فىرانسىيەدە «ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش جەمئىيىتى»نى قۇردى. بۇ جەمئىيەت فىرانسىيەگە كەلگەن جۇڭگولۇق ياشلارنىڭ بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى. بۇ «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش» دەپ ئاتالدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگودىن ئەرزان باھادا زور بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، چەت ئەللىك كاپىتالىستلارنىڭ زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچرايتتى. سەي يۈەنپېي قاتارلىقلار «فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇق ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىگە، مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىغا، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم قىلدى.

كېيىن «ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش جەمئىيىتى»، «فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى» دۆلەت ئىچىگە يۆتكەلدى. دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرخىل شەكىلدىكى فىرانسىيەدە ئوقۇش تەييارلىق مەكتەپلىرى ۋە تەييارلىق سىنىپلىرى ئېچىلدى. فىرانسىيەدە ئوقۇيدىغان ياشلار ئۈچۈن مەكتەپ تونۇشتۇرۇش، بىلىم ئېلىش يوللىرى ئېچىلدى.

مىلادىيە 1919 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە، «4 ـ ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىنكى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 1600دىن كۆپ ئوقۇغۇچى فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغان فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش دولقۇنى قوزغالدى.

شۇ چاغدا، فىرانسىيەدە ئوقۇغان ياش زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن زىيالىي ياشلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى رەھبەرلىرى ۋە تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالدى، مەسىلەن، خۇنەنلىك سەي خېسېن، شاڭ جىڭيۇي، لى ۋېيخەن، لى فۇچۈن، جاڭ كۇندى، سەي چاڭ، گۇيجولۇق ۋاڭ روفېي قاتارلىقلار؛ ئەنخۇيدىن چېن دۇشيۇنىڭ ئىككى ئوغلى ـــ چېن يەننىيەن ۋە چېن چياۋنىيەن، لى ۋېينۇڭ؛ تيەنجىنلىك جۇ ئېنلەي، سىچۈەنلىك چېن يى، نيې رۇڭجېن، دېڭ شىشيەن قاتارلىقلار.

دېڭ شىشيەننىڭ فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش يولىنى تاللىشىدا يۈرەكلىك ھەم بىلىملىك دادىسى مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇ كۈنى، يازلىق تەتىل قىلىپ ئۆيگە كەلگەن شىشيەن ھويلىدا مەكتەپتىن ئالغاچ كەلگەن كىتاب ـ ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. دادىسى چۈشچىڭدىكى ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى.

ـــ دادا، سەن نېمانچە ئالدىراش ! ـــ دېدى دادىسىنى كۆرگەن شىشيەن قولىدىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنى قويۇپ

قويۇپ، ــــ جۇڭگودا قانداق يېڭى خەۋەرلەر بار، تېزرەك دېگىنە! ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى!

ــــ ئالدىرىما، ھودۇقما! ــــ دېدى دادىسى يوك ـ تاقلىرىنى قويۇپ، شىشيەننىڭ قولىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ تەرلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ كۈلگىنىچە، ــــ نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسەن؟

ــــ «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى. چېن دۇشيۇ ئەپەندى ماقالىسىدە: «بۈگۈنكى دۇنيادا فىرانسۇزلارلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇستازى بولالايدۇ...» دەپتۇ.

ــــ فىرانسىيە، ــــ دېدى دادىسى ھەيران بولۇپ، ــــ شيەنۋا، مەن ساڭا فىرانسىيەگە مۇناسىۋەتلىك بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى. ھازىر سىچۈەندە تۆگمىكخۇيىنىڭ بىر كونا ئەزاسى، رۇڭشيەنلىك ۋۇ يۇجاڭ ئەپەندى «فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش جەمئىيىتى» قۇردى، چىڭدۇ ۋە جۇڭچىڭدا فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپى تەسىس قىلىندى. شۇ تاپتا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ! شيەنۋا، سەندىن سوراپ باقاي، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى خالامسەن؟

ــــ نېمە؟ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇمدىمەن؟ ــــ دېدى دېڭ شىشيەن دادىسىنىڭ كەسكىن ھەم ئەستايىدىل چىرايىغا قاراپ. دادىسىنىڭ گېپى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپكە ئوخشىمايتتى، ــــ دادا، راست دەۋاتامسەن؟

ــــ ئەلۋەتتە راست، مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇزۇن ئويلاندىم! ــــ دېدى دېڭ شاۋچاڭ ئۆز قارارى ھەققىدە ئوغلى بىلەن ئوبدانراق پاراڭلىشىش نىيىتىدە ئولتۇردى.

مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە دېڭ شاۋچاڭدا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ ئىدى. شيېشىڭ بازىرى ئەتراپىدا ئۇ خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلىمگە ئىگە، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بىرقەدەر كۆپ ھەم يۈرەكلىك يېزا مۆتىۋەرى ئىدى. مىلادىيە 1914 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شېيېشىڭدا قۇرۇلغان «باۋگېخۇي»نىڭ «ئەمەلدارى» بولغان بۇ زات گۇاڭئەن ھاكىمىنىڭ شەخسەن تەيىنلىشى بىلەن گۇاڭئەن مەشىقلەندۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. مەشىقلەندۈرۈش ئىدارىسى مۇھاپىزەتچىلەر باش ئىشخانىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بىراق، كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى گۇاڭئەن ھاكىمى چاتاق چىقىرىپ قويۇپ تەختتىن چۈشتى. دېڭ شاۋچاڭمۇ مەشىقلەندۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى. دېڭ شاۋچاڭ مەشىقلەندۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ يۈرگەن چاغلاردا، بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ خۇايىڭشەن تېغىدىكى جىڭ فامىلىلىك باندىت ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغانىدى. كېيىن بۇ باندىت ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولدى ـ دە، ئىشقا قويۇلۇپ، دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. دېڭ شاۋچاڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ چىرىكلەشكەن ۋە كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا گۇاڭئەندىن چۇڭچىڭغا كەتكەنىدى.

دېڭ شاۋچاڭ چۇڭچىڭدا يېڭى ئېقىمغا مەنسۇپ بىر قىسىم زاتلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرۈپ، كۆپلىگەن دوستلار بىلەن تونۇشتى. بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدە بولۇۋاتقان مىلىتارىستلار ئارا ئۇرۇش، يېڭى ـ كونا ئىدىيەلەرنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشى، ئىلغار جۇڭگولۇقلار چىقىش يولى ئىزدەپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتتىن دېڭ شاۋچاڭ سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ: «دۇنيا ئېقىمى ھەيۋەتلىك! ماسلىشالىغانلار روناق تاپىدۇ، ماسلىشالمىغانلار ھالاك

بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ يېقىنلىرىدىن ۋۇ يۇجاڭ قاتارلىقلارنىڭ سىچۈەندە فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش جەمئىيىتى تەشكىللىگەنلىكىنى، چوڭچىڭدا فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپى تەسىس قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر پەس ئويلىنىپ «بۇ بىر ياخشى پۇرسەت، دېڭ شىشيەننى يولغا سالاي» دېگەن خىيال بىلەن كەسكىن قارارغا كەلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن، شۇ قېتىملىق يازلىق تەتىلدە پەيفاڭ كەنتىدىكى دېڭ جەمەتى هويلىسىنىڭ دەھلىزىدە ئاتا ـ بالا ئىككىسى تولىمۇ ئۇلۇغ بىر قارار ئۈستىدە كېڭەشىۋاتاتتى.

فىرانسىيەگە بېرىش! ئۇ يەردە ئىلغار سانائەت تېخنىكىسى بار، ئىنسانلارنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەسى بار. ھەقىقىي «دې ئەپەندى» بىلەن «سەي ئەپەندى»نى شۇ يەردىن تاپقىلى بولىدۇ...

خېلى يىللاردىن كېيىن، گۇاڭئەنلىكلەر ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، دېڭ شىشيەننىڭ كىچىك تۇرۇپلا يۇرتىدىن ئايرىلىپ فىرانسىيەگە ئوقۇشقا چىققان ئىشىنى ئويلىدى ۋە بىردەك مۇنداق قاراشقا كېلىشتى: ئۇزۇندىن بۇيان بېكىنمە ھالەتكە ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتەك يەككە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتكەن، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېڭى كەمچىل سىچۈەنلىك دېھقان پەرزەنتى دېڭ شاۋچاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كەسكىن ھالدا مۇشۇ بىر قەدەمنى بېسىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور جاسارەت ۋە پاراسەت بولمىسا بولمايتتى. دېڭ شاۋچاڭنىڭ جاسارىتى ۋە ئىرادىسى دېڭ شىشيەننىڭ كېيىنكى ھايات مەنزىلى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

فىرانسىيە ھەققىدىكى چۈش كىچىككىنە پەيفاڭ كەنتىدە بارلىققا كەلدى...

www.uyghurkitap.com

# يۇرتتىن ئايرىلىش

مۇشۇ كۈنلەردە شىشيەننىڭ ئاپىسى بىلەن مومىسىنىڭ كۆڭلى بەك ئازابلاندى، ئۇلار ئۆمرىدە كىچىككىنە شىيپىڭنىڭ بازىرىدىنمۇ ئايرىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، فىرانسىيەنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكى، پەيفاڭ كەنتى ۋە شىيپىڭنىڭ بازىرىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. شىشيەننىڭ ئاپىسى باشقىلاردىن: ئۇ يەردىكىلەر قىزىل چاچ، كۆك كۆز، قاڭشارلىق كېلىدۇ، قان ئىچىپ تۇرغان كالا گۆشىنى خام پېتى يېيىشكە، مۇزدەك سۇ ئىچىشكە ئامراق، دەپ ئاڭلىغانىدى.

— شيەنۋا بۇ يىل ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىردى، ئۆزى يالغۇز ياقا يۇرتتا يۈرسە، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىم بولمىسا، قانچىلىك جاپا - مۇشەققەت چېكەر ئۇ! — ئاپىسى شۇنداق دەپ تۈن بويى ئۇخلىمايتتى، يىغلايتتى، قېيىنئانىسى بىلەن بىللە شىشيەندىن ئەنسىرەيتتى.

— «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دەپتىكەن كونىلار! شاۋچاڭنىڭ بەك باغرى قاتتىق ئىكەن. شيەنۋانى چەت ئەلگە چىقىرىۋەتمەكچى بولغىنىنى قارىمامدىغان! — دەيتتى شاۋچاڭنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ قارارىنى چۈشەنمەي، — مىنىڭچە، شاۋچاڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى سىرتلاردا يۈرۈپ لالما بولۇپ كەتتى، مانا ئەمدى ئوغلىنىمۇ بىللە ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

ئىككىيلەن مۇشۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ، ئاغرىنىشلىرى ۋە تەشۋىشلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىدى.

ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى شيەنۋانىڭ ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىنى تەخلەپ، ئۈيىدىكى ئەڭ ياخشى رەختلەرنى تىكىپ، ياماشتۇرۇپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان شىشيەنگە كىيىم تەييارلاش ئىدى.

شىشيەن ئاپىسى بىلەن موممىسىنى قايىل قىلغۇسى، ئۇلارغا تەسەللى بەرگۈسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەندىشە، تەشۋىشلىرىنى يەڭگىللەتكۈسى كېلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كەتكەن پېتى قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئاپىسى بىلەن موممىسى ئۇنى مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە بېقىپ، ئائىلىنىڭ ئېغىرراق بىر قىسىم ئىشلىرىغا ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلغۇدەك ياشقا يەتكۈزگەندە ئۇلارنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقى، ئۇلارغا ئەمدى ئازراقمۇ ۋاپادارلىق قىلالمايدىغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

چوڭچىڭغا ئالدىنئالا كەتكەن دادىسى بىردىن خەت ئەۋەتتى. خەتتە: فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىنىڭ چوڭچىڭدا تەسىس قىلىنغانلىقى، بۇ مەكتەپنى چوڭچىڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈنشېڭ ئەپەندى بىلەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېن شاۋخې ئەپەندى ئىككىسى مەسئۇل بولۇپ ئاچقانلىقى، مەكتەپنىڭ چوڭچىڭ فوزى ئىبادەتخانىسى ئىچىدە ئىكەنلىكى يېزىلغانىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، 9 - ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باشلىرى ئوقۇش باشلىناتتى، ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلانغانىدى. بىرى يۇقىرى سىنىپ، يەنە بىرى تۆۋەن سىنىپ ئىدى. يۇقىرى سىنىپقا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، تۆۋەن سىنىپقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ياكى ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىناتتى. ھەر بىر سىنىپقا ئەللىك بەش ئوقۇغۇچى، ئىككى سىنىپقا بىر يۈز ئون ئوقۇغۇچى ئېلىش مۆلچەرلەنگەنىدى.

دادىسى خېتىدە يەنە شىشيەنگە: ئۇنىڭ گۇاڭئەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئىككى ساۋاقدىشىنىڭ — گۇاڭئەنلىك يۇرتدىشى فۇ مىڭدې بىلەن شىشيەننىڭ تاغا دېمەتلىك يىراق تۇغقىنى دېڭ شاۋشېڭلارنىڭمۇ چۇڭچىڭدا تەسىس قىلىنغان فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىگە ئىمتىھان بەرگەنلىكىنى يازغانىدى. ناۋادا باشقىچە ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇچىلىسى فىرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقاتتى ھەمدە بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتى.

ئەينى چاغدا فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە شەخسىي خىراجىتى بىلەن چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى. شىشيەن شەخسىي خىراجىتى بىلەن چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئىمتىھان بەردى.

فىرانسىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن زادى قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ ئائىلە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟

بۇ شىشيەننى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلە ئىدى. چۈنكى،

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مالىمانچىلىق ئۇزۇلمەي يۈز بەردى، دادىسىمۇ دائىم دېگۈدەك ئۆيدە بولمايتتى، پۈتۈن ئائىلىنى ئاپىسى بىلەن مومىسى پىلە بېقىپ، يىپ ئېگىرىپ، رەخت توقۇپ قامداپ كېلىۋاتاتتى. ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى بۇنداق تۇرغاندا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشكە ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان شىشيەننىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. دادىسى خېتىدە شىشيەنگە يەنە: «شەخسىي خىراجىتى بىلەن فىرانسىيەگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە مەكتەپ مۇدىرىيىتى يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇل بېرىدۇ، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى ھەل قىلسا، جەمئىي ئۈچ يۈز يۈەندىن ئارتۇق پۇل بولسا يېتىدۇ. سەن بېرىپ بىلىم ئېگىلەپ دۆلەت ئۈچۈن جاۋاب قايتۇرالىساڭ، مېنىڭ سەندىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم شۇ. پۇلنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ ساڭا بۇ پۇلنى تەييار قىلىپ بېرىمەن. ئائىلە تۇرمۇشىدىن بەك غەم قىلىپ كەتمە. مەن ئادالەت يولىدا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلمەن دەپ ساڭا كۆپرەك پۇل غەملىيەلمىدىم، بۇنى ئويلىسام بەك ئۆكۈنىمەن!» دېگەنىدى.

شىشيەن دادىسىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ قەدىمكىلەر ئېيتقان «دۇنيادا ئاتا - ئانا ئەڭ رەھىمدىل» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەندى. دادىسىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى ئۇنىڭ ھەق يولدىن قايتماي ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى قەتئىيلەشتۈردى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ قېتىمقى سەپەر جاپالىق، ناۋادا قەتئىي ئىرادىگە كەلمەي، يېرىم يولدا يېنىۋالسام ئەجدادلىرىمغا، دادام - ئاپامغا يۈز كېلەلمەيمەن، يۇرتداشلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزىگىمۇ قارىيالمايمەن، دەپ ئويلىدى.
مۇشۇلارنى ئويلىغان چېغىدا، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچىنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ قىيالماسلىق كەيپىياتى بىلەن شىپىشىڭ بازىرىدىكى ئۆزى كىچىك چاغلىرىدا بارغان ھەربىر جايغا باردى: تاغ باغرى، كۆلچەك، ئۈجمىزارلىق، كونا قۇدۇق بېشى، دارىلئۇلۇم، بېيشەن باشلانغۇچ مەكتىپى، خامان، ئېتىزلىق... ئۇ كۆڭلىدە بۇ جايلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ خوشلاشتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ زېمىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ھەربىر ئىزىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھەم ساقلايدىغان زېمىن ئىدى !
ئايرىلىش كۈنى ئاخىرى يېتىپ كەلدى.
كەچ كۈز پەسلى. چۈجياڭ دەرياسى بويىدىكى كىچىكنى غازاڭ قاپلىغانىدى، قومۇش پۆپۈكلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۇمانلىق تاڭ سەھەر، كۆڭلى پەرىشان شىشيەن ئاپىسى، مومىسى ۋە ئاچىسى، ئىنىسى ۋە سىڭىللىرىنىڭ قوللىرىنى قايتا ـ قايتا تۇتۇپ، پەقەتلا قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى.
— ئاپا، موما، ئۆزۈڭلەرنى جەزمەن ياخشى ئاسراڭلار، مېنى ساقلاڭلار ! — دېدى شىشيەن ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان ئاپىسى بىلەن مومىسىغا.
— ئۇكام چوقۇم ئېھتىيات قىل ! بالدۇرراق قايتىپ كەل ! — دېدى ئاچىسى شيەنلىي ئۇكىسىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ. ئۇ ئۇكىسىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى توختىماي تۈزەشتۈرەتتى.
— ئوغلۇم، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق سەپەرگە ماڭدىڭ، مەن غەم قىلىۋاتىمەن، شيەنۋا، سەندىن ئايرىلىشقا پەقەت كۆزۈم قىيمايدۇ ! — ئاپىسى شۇنداق دەپ ھۆكرەپ يىغلاپ

تاشلىدى. ئۇ ئوغلىنى كەينى ـ كەينىدىن باغرىغا بېسىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئاپا، ئۇكامنى قويۇپ بەرگىنە، ئۇ كېمىگە چىقسۇن، شاۋشىڭ تاغام بىلەن ئۇكامنىڭ ساۋاقدىشى بەك ساقلاپ كەتتى، — دېدى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن شيەنلىي ئاپىسىنى تارتىپ.

— ئاپا، موما، خەير ـ خوش! ئۆزۈڭلەرنى كۆپ ئاسراڭلار...

كىچىك كېمىسى ئون بەش ياشلىق دېڭ شىشيەننى، يەنە دېڭ شاۋشېڭ بىلەن فۇ مىڭدې قاتارلىق گۇاڭئەنلىك ئۈچ بالىنى ئېلىپ، ئاستا ـ ئاستا چۇجياڭ كېچىكىدىن ئايرىلىپ گۇاڭئەن تەرەپكە ماڭدى، ئۇلار گۇاڭئەندىن چوڭچىڭغا بارىدىغان كېمىگە چۈشۈپ، دەريا بويلاپ چوڭچىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ 1919 ـ يىلى كەچ كۈز پەسلى ئىدى. دېڭ شىشيەن كېمىنىڭ بېشىدا ئۆزۈن تۇرۇپ كېچىكتە قالغان قېرىنداشلىرىغا توختىماي قول پۇلاڭلاتتى. پەيفاڭ كەنتى، شىيېشنىڭ بازىرىدىكى ئېتىزلىقلار، دېھقان ئۆيلىرى، تاغ چوققىلىرى ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

ئۇ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ كەتكەنگە قەدەر قول پۇلاڭلاتتى.

كۈز شاملى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى ئۇچۇردى، كۈز چاناقلىرىدا مەرۋايىتتەك ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزى ئون بەش يىل ياشىغان بۇ تۇپراقتىن مەڭگۈ ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ تاكى مىلادىيە 1997 ـ يىلى توقسان ئۈچ ياشقا كىرىپ، بېيجىڭدا ۋاپات بولغانغا قەدەر گۇاڭئەندىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا قايتا كېلەلمىدى. ئۇ يۇرتىدىن

ئايرىلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي كۈرەش قىلدى. ئۇ جەنۇبتىن شىمالغا، شىمالدىن جەنۇبقا يۆتكىلىپ ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇرتىدا قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىر - بىرلەپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار سەكرات ئالدىدا يېتىپ شىشيەننى كۆرەلمىدى. ئاپىسى، دادىسى ۋە مومىسى ئەنە شۇنداق ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاشۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىدە شىيەنۋا مەڭگۈ ئون بەش ياشلىق قىياپىتى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. بۇلارنى دېڭ شىشيەن ئەينى چاغدا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئۇنىڭغا تونۇش كەنتلەر، تاغ چوققىلىرى، ئېتىزلىقلار، دەريا - ئېقىنلار، ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ زېمىندا ئۇنى ئۇزىتىپ قويغان ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاستا - ئاستا غۇۋالىشىپ بارماقتا ئىدى، ئەمدى ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. باللىق دەۋرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئاياغلاشقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

# بىپايان دېڭىز (1)

مىلادىيە 1920 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۇڭچىڭ فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىر يىللىق ئۆگىنىش ۋە تەييارلىق ئارقىلىق چۇڭچىڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى زالىدا داغدۇغىلىق مەكتەپ پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

چۇڭچىڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ھەم تەييارلىق مەكتىپىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى ۋاڭ يۈنسۇڭ ئەپەندى شۇ قېتىملىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىنى باشقۇردى. مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئىمتىھانى ۋە شۇ چاغدا چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق فىرانسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىشى ھەم بەدەن تەكشۈرۈشى ئارقىلىق جەمئىي سەكسەندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى فىرانسىيەدە ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

دېڭ شىشيەن شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچى ئىدى.

1949 ـ يىلى چۇڭچىڭ ئازاد بولغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرى، غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي كومىسسارى دېڭ شياۋپىڭ ۋاڭ يۈنسۇڭ ئەپەندىنىڭ چۇڭچىڭ فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىنى

www.uyghurkitap.com

قورغان تۆھپىسىنى يەنىلا ئۇنتۇپ قالماي، ئالايىتەن ۋاڭ يۇنسۇڭ ئەپەندىنى تېپىپ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولغان دېڭ شياۋپىڭ ۋاڭ يۇنسۇڭ ئەپەندىنى تىلغا ئېلىپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ كەتكەنىدى. ۋاڭ ئەپەندى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگوغا ئىككى نەپەر مۇئاۋىن زۇڭلى تەربىيەلەپ بەردى دېگەنىدى ئۇ. ئۇلارنىڭ بىرى دېڭ شاۋپىڭ، يەنە بىرى فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىدە ئوقۇغان مارشال نىې رۇڭجېن ئىدى.

1920 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە چۇڭچىڭدىن شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىققان «جىچىڭ» ناملىق پاراخوت چۇڭچىڭ فىرانسىيەدە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش تەييارلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن سەكسەن ئۈچ نەپەر سىچۈەنلىك ئوقۇغۇچىنى ئېلىپ، چۇڭچىڭ چاۋمېن پىرىستانىدىن ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ، دەريانى بويلاپ شەرق تەرەپكە — چاڭجياڭ سەنشياغا، يىچاڭغا، شاڭخەيگە، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

سەكسەن ئۈچ نەپەر سىچۈەنلىك ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىگە ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن زالنىڭ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى: «بۈگۈنكى بۇ ئوقۇغۇچىلار ئەتە دۆلەتنىڭ تايانچلىرىدىن بولۇپ قالۇر» دېگەن مەسنەۋى نەقىش بولۇپ چېكىلگەنىدى.

ئۇلار سەككىز كۈندىن كېيىن «تەۋەككۈلچىلەرنىڭ جەننىتى» دەپ ئاتالغان شاڭخەيگە يېتىپ باردى. شىشيەن ۋە

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇنجى قېتىم ۋەيتەننى، ۋەيتەندىكى چەت ئەللىك كاپىتالىستلار ئاچقان قاتار - قاتار بانكا بىنالىرىنى، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىيېشىل بايراقلىرى ئېسىلغان ھەربىي پاراخوتلارنى، بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك چەت ئەل پوچتا پاراخوتلىرى ۋە سودا پاراخوتلىرىنى كۆردى...

گۈزەل شەرق ئاسمانىسى ئاساسەن چەت ئەللىكلەرنىڭ زېمىنىغا ئايلانغاندى. بۇ ئەينى چاغدىكى شاڭخەينىڭ دېڭىز شىشيەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىرى ئىدى.

يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى. مىلادىيە 1920 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە سەكسەن ئۈچ نەپەر سىچۈەنلىك ئوقۇغۇچى فىرانسىيەنىڭ «يانتېلىرفېن» ناملىق پوچتا پاراخوتىغا چىقىپ، ۋۇسۇڭكۇدىن ئۆتۈپ، ئاسمان بىلەن سۇ تۇتىشىپ كەتكەن پايانسىز دېڭىزغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە قىلغان ئۇزۇن سەپىرى باشلاندى. بۇ چوڭ پاراخوت دېڭىزدا ئوتتۇز توققۇز كۈن مېڭىپ، ئوتتۇز مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندا ئاندىن كۆزلىگەن نىشان — فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى پورت شەھەر مارسېلغا يېتىپ باراتتى.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، دېڭ شياۋپىڭ فىرانسىيەدە تالاي جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. كېيىن پارتىيە بىر مەزگىللىك خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاخىرى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى سىچۈەنلىك بالا ئوقۇغۇچى ئەمەس، بەلكى پىشقان ياش ئىنقىلابچىغا، مۇنەۋۋەر پىرولېتارىيات جەڭچىسىگە، ئېتىقادى مۇستەھكەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كوممۇنىزمچىغا ئايلانغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پايانسىز دېڭىز سوزۇلۇپ ياتاتتى، مۇساپە ئۇزۇن ئىدى. سىچۈەنلىك سەكسەن ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى پاراخوت پالوبىسىدا ياي شەكلىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ۋەتەن قورۇقلۇقىغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

شاڭخەي دېڭىز بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن يىتتى، ئۇنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن، دېڭ شىشيەن تەرسالىق بىلەن پاراخوتنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە تۇرۇپ ئىلھاملانغان ھالدا لى بەينىڭ «دوستۇم بىلەن خوشلاشقاندا» ناملىق شېئىرىنى پىچىرلاپ دېكلاماتسىيە قىلدى.

ئۇنىڭ ھېسسىياتقا تويۇنغان دېكلاماتسىيەسى يېنىدا تۇرغان نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىشىنى قوزغىدى. كۆپچىلىك ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

ئۇلار چۈشكەن بۇ پوچتا پاراخوتى نەچچە ئون مىڭ توننا ئېغىرلىقتىكى پوچتا پاراخوتى ئىدى، پاراخوتتا ئىككى ئېگىز تۇرخۇن بار ئىدى. پاراخوت كايۇتىلىرى بىرنەچچە دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك كايۇتنىڭ بېلەت باھاسى سەككىز يۈز يۈەن، ئىككىنچى دەرىجىلىك كايۇتنىڭ بېلەت باھاسى بەش يۈز يۈەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك كايۇتنىڭ بېلەت باھاسى ئۈچ يۈز يۈەن ئىدى. شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشكەن ئوپچە كايۇتىدا بىر ئورۇننىڭ بېلەت باھاسى يۈز يۈەن ئىدى.

ئوپچە كايۇتا پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا بولۇپ، ئامبار ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى، شۇڭا كايۇتنىڭ ئىچى مال بىلەن تولغانىدى، يورۇقلۇق خىرە چۈشەتتى، ھاۋا ئۆتۈشمەيتتى.

ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقتىن، كىيوتا ئىچى چىدىغۇسىز دىمىق بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈسا بىلەن پاشا كۆپ ئىدى.

لېكىن، بۇنداق ناچار شارائىت شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. تۈنجى قېتىم پاراخوتتا ئولتۇرغان ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان باش قېيىش ئالامىتى سەۋەبلىك، ھەمراھلىرى بىللە ئۇنىڭمۇ بېشى ئايلىنىپ، مېڭىسى چىڭقىلىپ كەتتى، ياندۇرغۇسى كېلەتتى، لېكىن ياندۇرالمايتتى. ئۇلار بىر - بىرلەپ كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشقا مەجبۇر بولۇشتى، ھالى بەك خاراب ئىدى.

— بولمايدۇ، بۇنداق ياتساق بولمايدۇ، يېمەي - ئىچمەي يېتىپ كەتسەك، تېنىمىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ! — دېدى دېڭ شىشيەن سەپەرنىڭ تېخى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، دىمىق كايوتىدا بۇنداق يېتىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سىرتقا چىقىپ يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ.

شۇنىڭ بىلەن يېشى ئەڭ كىچىك، دوغىلاق كەلگەن بويى پاكار بىرەيلەن ئەڭ باشتا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۇرۇپ:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! بۇنداق يېتىۋەرسەك چوڭ چاتاق چىقىدۇ، تۇرۇڭلار! تۇرۇڭلار! پاراخوتتا ئولتۇرغاندا دەسلەپتە باش قايىدۇ، بۇنىڭ كارى چاغلىق، بىردەمدىن كېيىن ئۆزلىشىپ كەتكىلى بولىدۇ. سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالايلى، دېڭىز مەنزىرىسىنى كۆرەيلى. ناۋادا، باش قايىدىغان مۇشۇنداق كىچىككىنە قىيىنچىلىقنىمۇ يېڭەلمىسەك، «ئىلىم - پەن ئارقىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش» تىن قانداقمۇ سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئادرېسى

ئاچقىلى بولسۇن؟... — دېدى.

دېڭىز شىشىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن كۆپچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى يۆلىگەن ھالدا ئۈپچە كايۇتىدىن پاراخوت پالۇبىسىغا چىقىشتى.

سىرتتا دېڭىز بىلەن ئاسماننىڭ رەڭگى بىر خىل ئىدى. پايانسىز كەتكەن دېڭىزدا چايكىلار پاراخوت قۇيرۇقىدا پاراخوتنىڭ يۈرۈشىدىن چاچرىغان قاردەك ئاق بۇژغۇنلارنى قوغلىشىپ چىرقىرىشىپ ئۇچۇشاتتى. ساۋاقداشلار بايىقى باش قېيىشنىڭ ئازابى ۋە مۇشەققىتىنى ئۇنتۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى چەكسىز دېڭىز ئۈستىدىكى بۇلۇتلار مەنزىرىسىگە يۆتكەپ، زوقلىنىش ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇشاتتى.

ئۇلار بىلەن بىللە فىرانسىيەگە ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا سىچۇەننىڭ باشيەن ناھىيەسىدىن ماڭغان فېڭ شۆزۇڭ ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇ فىرانسىيەگە بېرىپ يۇرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇقلىرىغا كۆپ قېتىم خەت يېزىپ، سەپەر داۋامىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلغانىدى:

«14 ـ چېسلا پاراخوت شياڭگاڭدا بىر كۈن توختىدى. شياڭگاڭ ئالدى تەرىپى دېڭىزغا قارىغان، بۇك ـ باراقسان دەرەخلىك، سودىگەرلەر توپلاشقان، كوچىلىرى كەڭ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى رەتلىك شەھەر ئىكەن؛ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق، باشقۇرۇش ھوقۇقى ئىنگلىزلارنىڭ قولىدا ئىكەن. ئىنگلىزلار شياڭگاڭنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چۇشەيدىغان نۇرغۇن نىزاملارنى تۈزگەن. شياڭگاڭ ھازىر دېڭىز بويىدىكى ئەڭ ئاۋات ۋە ئەڭ مۇھىم سودا مەركىزىگە ئايلىنىپتۇ.»

پاراخوت شياڭگاڭدا توختىغان كۈنى شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىرغاقىقا چىقىپ، مۇرەككەپ ھېسسىياتتا «شەرقتىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان بۇ شەھەرنى ساياھەت قىلدى. بۇ زېمىن ئەسلىي جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئەمدى بولسا ھەممە يەرگە ئەنگلىيەنىڭ «米» خەتلىك بايراقلىرى ئېسىلغانىدى، كوچا ـ كويلاردا سېرىق تەنلىك، قارا كۆزلۈك جۇڭگولۇقلار يۈرۈشەتتى، لېكىن ئۇلار ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا مۇستەملىكە تۇرمۇشى كەچۈرۈشەتتى.

شياڭگاڭنىڭ ۋېكتورىيە پورتى يېنىدىكى كوچىدا كېتىۋېتىپ، دىڭ شىشيەننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭمۇ ئىچى ئۆرتىنىپ:

— ھەي، بۇ ھەقىقەتەنمۇ جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ھاقارەت! كىم بىلسۇن، بۇ زېمىننى ئەنگلىيەلىكلەردىن قاچان قايتۇرۇۋالغىلى بولار؟ — دېيىشتى ھەسرەت بىلەن.

— بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى غەزەپلەنگەن دىڭ شىشيەن ئاسمان ـ پەلەك بىنالارغا قارىغىنىچە كەسكىن ھالدا، — مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چىرىك ھەم ئىقتىدارسىز، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ۋەتەننى نومۇسقا قويدى. شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھامان بىر كۈنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قولىغا قايتىدۇ. بۇ ئەسلىي بىزنىڭ يېرىمىز تۇرسا، نېمىشقا ئەنگلىيەلىكلەر مەڭگۈ ئىگىلىۋالغۇدەك؟ قاراپ تۇرۇڭلار، جۇڭگو قۇدرەت تاپقان كۈنى...

— ئۇ كۈنلەر بەك ئۇزاقمىكىن، بىز بۇ ئەۋلاد كىشىلىرى ئۇ كۈننى كۆرەلمەيمىز!

— ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، كۆرەلەيمىز. بىز بىر ئەۋلاد كۆرەلمىسەك، بىزنىڭ بالىلىرىمىز جەزمەن كۆرەلەيدۇ! بىز شۇنى ئويلىشىمىز كېرەككى، بىز ئاشۇ كۈنىنىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن، يۇرتىمىزنى تاشلاپ ئىلىم - پەن ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ياخشى چارىسىنى ئىزدەپ ياۋروپاغا كېتىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى دېڭ شىشيەن قەتئىي هالدا هەمراهلىرىنىڭ هەسرەتلىك سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

هەممەيلەننىڭ يانچۇقى قۇرۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مۇستەملىكە» سايىسى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قەلبىنى چۇلغاپ تۇراتتى. شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ شياڭگاڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن رايى قايتتى. ئۇلار پورتنىڭ ئەتراپىنى بىرەر قۇر ئايلىنىپ، كەيپى ئۇچقان هالدا پاراخوتقا قايتىشتى.

لېكىن، 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، دېڭ شىشيەن دەرهال شياڭگاڭ زېمىنىغا قەدەم قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئارزۇ - ئىستەك پەيدا بولغانىدى، ئۇ بولسىمۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى ۋە شياڭگاڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، چەت ئەل كۈچلىرى جۇڭخۇا مىللىتىگە تاڭغان ئار - نومۇسنى يۇيۇش!

شۇ قېتىمقى سەپەردىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ئەنگلىيە بىلەن بولغان سۆھبەتكە شەخسەن ئۆزى رەهبەرلىك قىلدى هەم رىياسەتچىلىك قىلدى، شۇنىڭدەك «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش»تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەنى تۈزۈپ، جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ 1997 - يىلى شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى بىلەن زېمىنىنى ئوڭۇشلۇق قايتۇرۇۋېلىپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ يۈز يىللىق ئار - نومۇسىنى

يۈيۈشى ئۈچۈن مۇقىم ۋە كۈچلۈك ئاساس سېلىپ بەردى.

گۈزەل سېرىسگۈلى گەرچە شياڭگاڭدا ھەر يىلى ئېچىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە 1997 ـ يىلى ئېچىلغان سېرىسگۈلى ئەڭ جازىبىدار ھەم ئەڭ كۆركەم ئىدى! جىمجىت چىيەنشۈي قولتۇقى تالاي كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىپ، تالاي كەچكى شەپەقنى ئۇزىتىپ قويغانىدى. بىراق، 1997 ـ يىلى كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش شۇ قەدەر سەلتەنەتلىك ھەم جۇلالىق ئىدى. چۈنكى، جۇڭگولۇقلار بۇ كۈننى ئۇزاق كۈتكەن ھەم ئارزۇ قىلغانىدى. ئارىدىن توپتوغرا بىر ئەسىر ئۆتتى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ يىلى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ قولىدىكى قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھەربىر كىشى شۇ دەقىقىدە بىر كىشىنى ئەسلەيدۇ. ئۇ كىشى دەل يەتمىش يىل ئىلگىرى شياڭگاڭ كوچىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر قەدەم ئىزلىرىنى قالدۇرغان دېڭ شىشيەن ئىسىملىك ئون ئالتە ياشلىق سىچۇەنلىك ياش ئىدى.

«يانتېلىرفېن» ناملىق پوچتا پاراخوتى شياڭگاڭدىن قوزغىلىپ دېڭىز سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار ۋيېتنامنىڭ شىگۇڭ شەھىرىدىن، ئاندىن سىنگاپور ئارقىلىق مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ھىندى ئوكيانىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كېتەتتى. گۇدۇك ئاۋازى ئۇزاقىچە ياڭرىدى، تۇرخۇندىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. شىشيەننىڭ قەلبى شۇ تاپتا ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# بىپايان دېڭىز (2)

بۇ پاراخوت 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭخەيدىكى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى پورتىدىن ئايرىلىپ 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دېڭىز سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ــــ فىرانسىيەنىڭ مارسېل شەھىرىگە بارغۇچە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى.

شۇ چاغلاردا دېڭىز سەپىرىنىڭ سۈرئىتى ئاستا ھەم زېرىكىشلىك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى فېڭ شۆزۇڭ ئىسىملىك ئوقۇغۇچى سەپەر داۋامىدا تەپسىلىي خاتىرە يېزىپ، «دېڭىز سەپىرى كۈندىلىك خاتىرىسى» قالدۇرۇپ قويغانىكەن. بىز ئۇنىڭدىن ھېلىمۇ مۇشۇ پاراخوتقا چۈشۈپ فىرانسىيەگە ماڭغان ياشلارنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشقان سەپەر تۇرمۇشىنى بىلەلەيمىز.

«18 ـ چېسلا شىگۇڭغا باردۇق» ــــ دەپ يازىدۇ فېڭ شۆزۇڭ ئۆزىنىڭ «دېڭىز سەپىرى كۈندىلىك خاتىرىسى»دە: «شىگۇڭ تۇزلەڭلىككە جايلاشقان شەھەر ئىكەن. فىرانسىيەلىكلەر تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكىلەر قىرغاقتا پورت قۇرۇپتۇ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سېلىپ بازار بىنا قىپتۇ، رەستىلىرى تەرتىپلىك ئىكەن. ئېچىنىشلىق ئىش شۇ بوپتۇكى، ئەنىنىلىكلەر (ۋېيتناملىقلار) مۇنقەرز بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى مۇستەملىكە، پۇقرالىرى چەت

ئەللەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىلىمى سەل يۇقىرىراقلىرى فىرانسۇزلارغا ئىتائەت قىلىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپتۇ، بىلىمى تۆۋەنرەكلىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىدا ئىشلەيدىكەن، يەر تېرىپ، هارۋا سۆرەيدىكەن. ئېغىر ئەمگەكتىن قېچىپ سەللا هورۇنلۇق قىلىپ قويسا، قامچا يەپ هۆركىرەپ يىغلاپ كېتىدىكەن، هالى تولىمۇ خاراب ئىكەن. فىرانسۇزلار تۈرلۈك قەبىھ نىزاملارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويغانىكەن. ھەققانىيەت نەدە؟ ئىنسانپەرۋەرلىك نەدە؟ ئەنئەنىلىكلەر بېشىغا پاخال قالپاق كىيىپ، يالاڭ ئاياغ يۈرىدىكەن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق ئىكەن. بۇ مەسىلە بولماي نېمە؟»

بۇ يەردە گەرچە فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان ۋېيتنامىلىقلارنىڭ ھاقارەتلىك تۇرمۇشى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان شىياڭگاڭلىقلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلىماي تۇرالمايمىز.

پاراخوت ۋېيتنامنىڭ شىگۈڭ پورتىدا ۋاقتىنچە توختىغان چاغدا دېڭىز شىشىيەن، فېڭ شۆزۈڭ قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار جۇڭگولۇقلارنى ئېغىر نومۇسقا قويىدىغان ئەھۋالنى كۆردى.

پاراخوتتىكىلەر قىرغاققا چىققاندا فىرانسۇزلارنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدىكەن، جۇڭگولۇقلار دۇنيادا «شەرق كېسەلمەنلىرى» سانىلىپ كېلىۋاتقانلىقتىن تەكشۈرۈش بەكمۇ قاتتىق بولىدىكەن. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، تىزىلىپ ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ تىزىملىتىدىكەن، بولمىسا قىرغاققا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن.

— ئاناڭنى! بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى بوزەك قىلغانلىق! — دەپ تىللاپ كېتىشتى پاراخوت پالۇبىسىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار غەزەپلىنىپ، — ئۇلار جۇڭگولۇقلارنى ۋەتەنسىز قۇل ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ!

— جۇڭگولۇقلار قاچانمۇ بۇ قاڭشارلىق كۆك كۆزلەرگە «ياق» دېيىشكە جۈرئەت قىلالار؟

— قالاقلار ھامان بوزەك بولىدۇ، ئاجىز دۆلەتتە دىپلوماتىيە بولمايدۇ! دۆلەت قۇدرەت تاپمىسا «ياق» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ...

غەزەپ - نەپرەتلىك ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىك غۇلغۇلىلار قۇلاقتا دەممۇدەم كىرىپ، دېڭ شىشيەننىڭ قەلبىگە مەڭگۇ يوقالماس ئىز سالدى.

پاراخوت شىڭگۇڭدا ئۈچ كۈن توختاپ، 21 - چېسلا سىنگاپورغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. فېڭ شۆزۈڭ ئۆزىنىڭ «دېڭىز سەپىرى كۈندىلىك خاتىرىسى»گە مۇنداق دەپ يازغان:

«ئۈچ كۈندىن كېيىن سىنگاپورغا يېتىپ كەلدۇق. سىنگاپور شەھىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى رەتلىك ئىكەن، شىڭگۇڭغا سېلىشتۇرغاندا دائىرىسى چوڭراق، مۇھىتى پاكىز ئىكەن. بۇ يەردە جۇڭگولۇقلار ئون مىليونغا يېتىدىكەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ سودا ئىشلىرى روناق تاپقانىكەن، سودىگەرلەرمۇ كۆپ ئىكەن، لېكىن كۆپىنچىلىرى يەنىلا ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن.»

25 - چېسلا پاراخوت سىنگاپوردىن يولغا چىقىپ، دېڭىز سەپىرىنى باشلىدى. بۇ چاغدا ھىندى ئوكياننىڭ كىلىماتى بارا - بارا ناچارلىشىپ، پاراخوتقا ئۇرۇلغان بوران - چاپقۇن كىشىگە ئالەم لەرزىگە كەلگەندەك تەسىر بېرەتتى، پاراخوت

قاتتىق سىلكىنەتتى. بوران - چاپقۇن پاراخوتنى تۈرۈپ دولقۇنلارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋېتەتتى، تۈرۈپ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈرۈۋېتەتتى. پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە قىستىلىشىپ ياتقان ئوقۇغۇچىلار كېسەل تەگكەندەك باشلىرى قېيىپ، تاماقتىنمۇ قالدى.

فېڭ شۆزۆڭ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «... توپ-توغرا ئۈچ كۈن قىينالدۇق. بىز قىرغاققا چىقىشقا تەشنا بولۇپ كەتتۇق (قەھەتچىلىكتە يامغۇرغا تەشنا بولغاندەك). كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېگەندە، پاراخوت توختاپ دەم ئالىدىغان جاي — كولۇمبوغا ئاران تەستە يېتىپ كەلدۇق».

كولۇمبو ئەنگلىيەگە قاراشلىق يەر ئىدى، پاراخوت گەرچە كولۇمبودا ۋاقىتلىق توختاپ ئارام ئالغان بولسىمۇ، لېكىن فىرانسىيەگە ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىدا فىرانسىيەنىڭ پاسپورتى بار ئىدى. ئەنگلىيە پاسپورتى بولمىسا قىرغاققا چىقىپ ئەتراپىنى كۆرۈشكە يول قويۇلمايتتى. شۇڭا، ئۇلار پاراخوتنىڭ يولغا چىقىشىنى كۈتۈپ پاراخوتتا قېلىپ قېلىشتى.

ھېسابلاپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا يېرىم ئايدىن ئاشقانىدى!

— لېۋىمىزنى چىشلەپ يېرىم ئاي تاقەت قىلايلى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ دېڭىز سەپىرى ئاياغلىشاي دەپ قالدى، — دېدى دېڭ شىشيەن بارماقلىرىنى پۈكۈپ ۋاقىتنى ھېسابلىغاچ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىغا شۇنداق دېدى، — ئاڭلىسام، يەنە بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قىزىل دېڭىزغا كىرىدىكەنمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— نېمە؟ يەنە بىر ھەپتىدىن كۆپ ۋاقىت بارمىكەن؟ — دېدى بىر كىچىك يۇرتداش ۋارقىراپ، — مەن پەقەت چىدىمىدىم! سەپەرنىڭ مۇنداق ئۇزاقلىقىنى بىلگەن بولسام يولغا چىقماس ئىكەنمەن!

— يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بالىسىنى تۇتقىلى بولمايدۇ، — دېدى شىشيەن قىزىقچىلىق قىلىپ، — دۇنيادا بىكارغا يەيدىغان چۈشلۈك تاماق نەدە تۇرۇپتۇ!

دەرۋەقە ئون كۈندىن كېيىن بۇ پاراخوت كولۇمبودىن يولغا چىقىپ ئەدەن قولتۇقىدىن ئۆتۈپ جىبۇتى ئارقىلىق قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان قىزىل دېڭىزغا كىردى.

بۇ كۈنى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىدى. پاراخوتتىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈننىڭ ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ۋە سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقىغا توققۇز يىل بولغان خاتىرە كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— ۋەتەن سۆيۈشتە يىراق - يېقىن مۇساپە بولمايدۇ، پاراخوتتا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزەيلى! — دېدى بىرەيلەن تەكلىپ بېرىپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ! — دەپ قىزغىن ئاۋاز قوشتى شىشيەن خۇشال بولۇپ، — پاراخوتتىكى چەت ئەللىكلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى كۆرۈپ قويسۇن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرى قىزىل دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشاش كۆتۈرۈلمەكتە...

شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا چۆمگەن بۇ ياشلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى ياسىغان دۆلەت بايراقچىسىنى كۆتۈرۈشۈپ، ھاياجانلانغان كەيپىياتتا پاراخوت پالۇبىسىغا

يىغلىشتى. تەبرىكلەش مۇراسىمى ئاددىي ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار ئاۋۋال ۋاقىتلىق ئېسىلغان دۆلەت بايرىقىغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىشتى، ئاندىن دۆلەت شېئىرى ئوقۇلدى. ئاخىرىدا بىرەيلەن سەھنىگە چىقىپ يېڭى ھېكايە ئېيتتى، بەزىلەر نۇتۇق سۆزلىدى، يەنە بەزىلەر ئۆزلىرى تەييارلىغان دىرامىنى ئوينىدى.

قىزىل دېڭىز ئۈستىدە قۇياش ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇرىنى پالۋىغا چاچقانىدى. كۆكۈچ دېڭىز سۈيى قۇياش نۇرىدا قىزىل رەڭگە كىرگەنىدى. جۇڭگولۇق ياشلارنىڭ ناخشا ئاۋازى، خۇشال كۈلكە ۋە چاۋاك سادالىرى چەكسىز دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە ئەكس سادا ياڭرىتىپ، پاراخوتتىكى چەت ئەللىكلەرنى جەلپ قىلدى. ئۇلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، ھەيرانلىق نەزىرىدە بۇ بىر تۈركۈم جۇشقۇن جۇڭگولۇق ياشلارغا قاراپ قېلىشقانىدى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە بۇ بىر توپ ياش جۇڭگولۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە تامامەن ئوخشىمايدىكەن! دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ كۈنى بۇ بىر تۈركۈم جۇڭگولۇق ياشلار پاراخوتتا چىققاندىن بېرى ئەڭ سۆيۈنگەن ۋە ئەڭ خۇشال بولغان كۈن ئىدى. نەچچە كۈندىن بۇيانقى غەشلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

پاراخوت 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سۇۋەيش قانىلى ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى.

«كەچقۇرۇن سۇۋەيش قانىلىغا كىردۇق، ئىككى قىرغاق دەل ـ دەرەخلىك ئىكەن، دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى رەتلىك، چىراغلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. نەگىلا قارىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ، كىشىنىڭ مەستلىكى كېلىدۇ» دەپ يازغاندى فېڭ شۈزۇڭ شۇ قېتىملىق مۇساپە توغرىسىدا، «ئەتىسى تاڭ سەھەردە پاراخوت رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ، ئىككى ياققا نەزەر سالدۇق. قانالنىڭ كەڭلىكى ئون غۇلاچ كېلىدىكەن، ئىككى پاراخوت قاتارلىشىپ ماڭالايدىكەن. قانالنى كۆزىتىپ تۇرغان چېغىمىزدا قانالنىڭ شىمالىي ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدۇق. قىرغاقتا چىقمىغاچقا، ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئوتتۇرا دېڭىزغا كىردۇق. بىز سۇۋەيش قانىلىدىن چىققان چېغىمىزدا قىرغاقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىس ھەيكەلنى كۆردۇق. ئۇ ئەسلىي قانالنى قازغان كىشى رېسسىنىڭ مىس ھەيكىلى ئىكەن.»

پاراخوت تاڭ سەھەردە قانالنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تۆمۈر يول كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەن چاغدا بىر مەنزىرە شىشيەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى: پويىز كەلگەن چاغدا، قانالنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن زور تۆمۈريول كۆۋرۈكى ئۆزلۈكىدىن ئىككى قىرغاقتىكى قاتناشنى تۇتاشتۇردى. پويىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، زور كۆۋرۈك ئۆزلۈكىدىن ئىككى قىرغاققا تارتىلىپ، قانالنىڭ يۈزىدە بوشلۇق پەيدا بولدى، پاراخوتلار ئەركىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى...

بۇنداق خىسلەتلىك ھەم ئىلغار ئىلىم - پەن تېخنىكىسىنى كۆرۈپ، شىشيەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ھەتتا يېنىدا تۇرغان ھەمراھلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالدى.

— قالتىس! ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن! — دېدى ئۇ مەستلىكى كېلىپ ئۆز - ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە

كۆڭلىنى بىر تەقەززالىق ئىگىلىدى، — دۆلىتىمىز قاچان مۇشۇنداق ئىلغار تېخنىكىغا ئىگە بولار، شۇنداق بولسا دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىدىن ئۈمىد بولاتتى!

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن، «يانتېپلىرفېن» ناملىق پوچتا پاراخوتى ئاخىرى ھارغىن گۈدۈك چالغان پېتى ئۆزىنىڭ مەنزىلگاھى — فىرانسىيەنىڭ مارسېل پورتىغا ئاستا كىرىپ كەلدى.

شۇ قېتىملىق دېڭىز سەپىرىگە ئوتتۇز توققۇز كۈن ۋاقىت كەتتى، مۇساپە ئوتتۇز مىڭ چاقىرىمدىن ئاشاتتى. شۇ قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ياش دېڭ شىشيەنىڭ ئۆمرىدە باسقان ئەڭ ئۇزۇن دېڭىز سەپىرى ئىدى.

ماۋ ماۋ «دادام دېڭ شياۋپىڭ» (1 ـ قىسىم) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «تۇنجى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىش، تۇنجى قېتىم يىراق سەپەرگە ئاتلىنىش، يات ئەلنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى، پايانسىز دېڭىز، پايانسىز ئاسمان مەنزىرىسى ھەربىر ئوقۇغۇچىدا ئۆچمەس تەسىرات قالدۇرغان ۋە ئۇلارنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالغان بولۇشى مۇمكىن». ئۇ يەنە: «تۇنجى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۇزاق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىش دادامدىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان» دەپ يازىدۇ.

# فرانسىيەگە بارغان دەسلەپكى چاغلار

1920 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن ۋە باشقا سەكسەن ئىككى نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى مارسېل پورتىدا پاراخوتتىن چۈشۈپ، فرانسىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويدى. ئۇلار مارسېل شەھىرىگە كىرىپلا بۇ يەردىكى قاتلاڭچىلىق ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەننى كۆردى، بولۇپمۇ ھەشەمەتچىلىك بىلەن نامراتلىق، راھەت ـ پاراغەت بىلەن جاپا ـ مۇشەققەت ئارىسىدىكى روشەن پەرقنى بىر قاراپلا بىلدى: بىر ياقتا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن بايلىق ۋە مال، ھەشەمەتلىك مەيخانىلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، بىر ياقتا ۋەيرانە لاپاسلار، يەلكىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن يادەك ئېگىلىپ كەتكەن پىرىستاندىكى مەدىكارلار...

پارىژدا تەسىس قىلىنغان فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى پورتقا ئادەم ئەۋەتىپ، ۋەتەندىن كەلگەن بىر تۈركۈم ياشلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئۇلار قىرغاقتا چىقىپ ئىككىنچى كۈنى شۇ جايدا چىقىدىغان «مارسېللىقلار گېزىتى»دە خەۋەر بېرىلدى، خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: يۈزگە يېقىن جۇڭگولۇق ياش مارسېلغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئون بەش ياش بىلەن يىگىرمە بەش ياش ئارىلىقىدىكى ياشلار. ئۇچىسىغا ئامېرىكا ياكى ياۋروپا پاسونىدا كىيىم كىيگەن، بېشىدا كەڭ گىرۋەكلىك شىلەپە، پۇتىدا ئۇچى

ئۆچلۈق شىبىلىت. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئەدەپلىك، ھەتتا سىپايە كۆرۈنىدۇ...

ئۇلار مارسېلدىن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئون نەچچە سائەتتىن كېيىن پارىژغا يېتىپ كېلىشتى. فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى لاپېئەنتېر كوچىسى 39 ـ نومۇرلۇق بىناغا جايلاشقانىدى. بۇ جاي فىرانسىيەگە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇشقا كەلگەن بارلىق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئۆيى» ھەم «توپلىنىدىغان مەركىزى» ئىدى. بۇ بىناغا نۇرغۇن جۇڭگولۇق ياشلار كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرى يېڭى كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىش، بەزىلىرى قايتقانلارنى ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇلاردىن بالدۇرراق كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ سىچۈەنلىك يۇرتداشلار ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قارشى ئالدى.

— كىچىك بۇرادەرلەر، قارشى ئالىمىز! يولدا جاپا چەكتىڭلار!

شىشيەن يۈك ـ تاقىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىگە، بەستىلىك كەلگەن ئاكا دېمەتلىك بىرەيلەن كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە:

— قالتىسقۇ سەن! مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەكەل، يۈك ـ تاقىڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەي، — دېدى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى شىشيەن ئالدىراش مىننەتدار بولۇپ، — تەلەپپۇزىڭدىن قارىغاندا سىچۈەنلىك ئوخشىمامسەن!

— مەن شەرقىي سىچۈەننىڭ جياڭجىن دېگەن يېرىدىن! —

دېدى ئاكا دېمەتلىك ھېلىقى يۇرتداش شىشيەننىڭ يۈك-تاقىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، دۇپدۇگىلەك پاكار بويلۇق بۇ يۇرتدىشىغا سەپسېلىپ، — ئىنىم، سەنمۇ سىچۈەنلىك ئوخشايسەن، يۇرتۇڭ نەدىن، سېنى نېمىدەپ ئاتايمەن؟

— مېنىڭ ئىسمىم دېڭ شىشيەن، گۇاڭئەن ناھىيەسىنىڭ شىېشىڭ بازىرىدىن! ھەممىمىز شەرقىي سىچۈەنلىك يۇرتداش ئىكەنمىز، ماڭا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلارسەن! — دېدى شىشيەن.

— بۇنچىلىك تۇزۇت قىلىپ كەتمە! ئۇكام دېڭ شىشيەن، مېنىڭ ئىسمىم نىې رۇڭجېن. مەن بىر يىل بۇرۇن كەلگەن، سىلەرنى كۆرۈپ خويمۇ خۇش بولدۇم. «يۇرتداش يۇرتداشنى كۆرسە، كۆز چانىقى ياشقا تولىدۇ» دېگەن شۇ-دە!

— نىې ئاكا، مەن ئەمدىلا كەلدىم، كۆپرەك يول كۆرسەتەرسەن! — دېدى دېڭ شىشيەن ھەم سەل خۇشخۇي كەلگەن شەرقىي سىچۈەنلىك بۇ يۇرتدىشىنى شۇئان ياقتۇرۇپ قالدى.

— يول كۆرسەتكۈدەك ئىش يوق، مەن كرۇجۇندىكى سېنايد پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن. ساڭىمۇ شۇ يەردە ئىشلەش پۇرسىتى چىقىپ قالسا، مېنى ئىزدە، — نىې رۇڭجېن دېڭ شىشيەننىڭ يۈك-تاقىنى زالغىچە كۆتۈرۈپ كىردى، ئاندىن بويى پاكار بۇ يۇرتدىشىنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ، — خوش، مېنىڭ بېجىرىدىغان يەنە باشقا ئىشلىرىم بار، جاھان ئۇزۇن، كېيىن كۆرۈشەرمىز! — دېدى.

— كرۇجۇن پولات-تۆمۈر زاۋۇتى! — دېدى دېڭ شىشيەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ماقۇل، مەن كېيىن چوقۇم سېنى كۆرگىلى بارىمەن!

شۇ قېتىملىق تونۇشۇش دېڭ شىشيەن، نىې رۇڭجېن ئىككى پېشقەدەم سەپداشنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلابىي

دوستلۇقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. نيې رۇڭجىن بالىلىق چاغلىرىدا دېڭ شىشيەنگە ئوخشاش يۇرتى جياڭجىندا ئىلغار ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا «4 ـ ماي» ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1919 ـ يىلى فىرانسىيەگە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ، ئاۋۋال كىرۇجونىدىكى سىپنايد پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. 1922 ـ يىلى بېلگىيە شاروۋا ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇنىڭغا مارشال ئۇنۋانى بەرگەن.

ماۋ ماۋ ئۆز كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «فىرانسىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىن باشلاپ، ئۇ دادام بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 1952 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە بىزنىڭ ئائىلە نيې تاغاملارنىڭ ئائىلىسى بىلەن قوشنا ئولتۇردۇق. بىز بالىلار ھەمىشە كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ نيې تاغاملارنىڭكىگە كىرىپ ئوينايتتۇق. نيې تاغام بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنى دائىم ئۆيىگە سىچۈەن تامىقى — دۇفۇ قېتىقى ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. 1992 ـ يىلى نيې تاغام قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى دادام تالا ـ تۈزگە ئاز چىقاتتى، لېكىن بەزىدە نيې تاغاملارنىڭكىگە باراتتى، ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، يېقىملىق ئاۋازدا ‹كونا بۇرادىرىم› دەيتتى. شۇ قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ ئورنىتىلغان دوستلۇق يەتمىش ئىككى باھار ـ قىشنى، تالاي بوران ـ چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ دوستلۇق قويۇق، چوڭقۇر ھەم كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان دوستلۇق ئىدى».

ھەممە ئوقۇغۇچىلار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا فىرانسىيەنى ۋە پارىژنى دەسلەپكى قەدەمدە

www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنى قىسقا ۋاقىت دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سالدى ھەمدە شۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى باشلاپ پارىژ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىسمەن مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى، مەشھۇر جايلارنى، مەسىلەن، زەپەر دەرۋازىسى، ئېيففېل مۇنارى، ۋېرسال سارىيى، لوۋېر سارىيى، فونتايىنبلېئور، موندانى، ساينت پىتان ۋە ئېۋلېر قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىشكە قوشۇپ قويدى.

پارىژنىڭ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. لېكىن، دېڭ شىشيەننىڭ زوقىنى مەنزىرىلەر ئانچە تارتىپ كېتەلمىدى. پارىژ شەھىرىدىكى رەتلىك تىراموۋاي، تونېل، مېترو قاتارلىق زامانىۋى مۇئەسسەسەلەر ئۇنىڭ ياش قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

«بەلكىم فىرانسىيەنىڭ ھەقىقىي ئىلغارلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى مۇشۇ جەھەتلەردە گەۋدىلەنسە كېرەك» دېدى ئۇ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە. شىشيەن لوۋېر سارىيىدىكى نۇرغۇن قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرىنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇلاپ كېلىنگەن ئاز ئۇچرايدىغان ئاسارىئەتىقىلەرنى كۆرۈپ، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قاراقچىلىق قىلمىشلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى، 1860 - يىلى يۇەنمىڭيۈەندە كۆتۈرۈلگەن ئاسمان - پەلەك ئوت يالقۇنى، جياۋۇ يىلىدىكى دېڭىز ئۇرۇشى، گېڭزى تۆلىمى؛ بۇنىڭدىن باشقا ئېگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتنى نومۇسقا قويغان نۇرغۇن تەڭسىز شەرتنامىلەرنى يادىغا كەلتۈردى.

شۇڭا، دېڭ شىشيەن لوۋېر سارىيىدا چىرىك ھەم ئىقتىدارسىز مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىنىڭ تاشقا چېكىلىپ كۆرگەزمە زالىغا قويۇپ

قويۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلىدە قەسەم قىلدى: مەيلى نىمە بولسۇن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن !

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى دېڭ شىشيەن ۋە ئۈنىڭ ھەمراھلىرىنى بىر قىسىم يەرلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە ۋە فىرانسۇزچىنى تولۇقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. دېڭ شىشيەن ۋە ئۈنىڭ يېقىن بىر تۇغقان تاغىسى دېڭ شاۋشېڭ فىرانسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى نورماند ئۆلكىسىنىڭ بابېل ئوغۇللار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندى. يۇرتدىشى فۇ لۇن ئۇلاردىن يىراق جايدىكى كونېبىل جامائەت مەكتىپىگە ئەۋەتىلدى.

— فۇ لۇن، بىز باشقا - باشقا جايغا تەقسىم قىلىندۇق ... — دېدى شىشيەن خوشلىشىش ئالدىدا فۇ لۇننىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بىز فىرانسىيەگە بىر مەقسەت ئۈچۈن — ئاز - تولا كېرەكلىك بىلىم ئۆگىنىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق ! يادىڭدا بولسۇن، ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۆز - ئۆزىمىزگە مەدەت بېرەيلى !

— بېرىپلا ئامان - ئېسەن ئىكەنلىكىڭ توغرۇلۇق خەت يېزىۋەت، ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا ! — دەپ تاپىلىدى دېڭ شاۋشېڭمۇ فۇ لۇنگە.

— ماقۇل، ماقۇل ! ھەممىمىز ئۆزىمىزنى كۆپ ئاسرايلى ! خەير - خوش، دېڭ شىشيەن ! ئۈچەيلەن فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپى جەمئىيىتى بىناسى ئالدىدا ئايرىم - ئايرىم خوشلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بايېت ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكەن دەقىقىلەر

نورماندى ئۆلكىسى فىرانسىيەنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، پارىژغا تەخمىنەن ئىككى يۈز چاقىرىم كېلەتتى. 1920 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن، دېڭ شاۋشېڭ قاتارلىق يىگىرمە نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى نورماندىدىكى بايېت ئوتتۇرا مەكتىپىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ ھاياتى باشلاندى.

شۇ يەردە چىقىدىغان «بايېت گېزىتى»دە 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بايېتقا كەلدى» ماۋزۇلۇق بىر خەۋەر بېرىلدى:

«يىگىرمىدىن كۆپرەك جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى فىرانسۇزچىنى راۋان سۆزلەيدىغان يۇرتدىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈنۈگۈن بايېتقا كەلدى. بۇ ياشلارنى فىرانسىيەگە ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن. ئۇلار مۇشۇ يەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆزلىرى قىزىقىدىغان دەرسلەرنى ئۆگىنىدۇ. فىرانسۇز تىلى ۋە تەبىئىي شارائىت، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدۇ...»

بۇ بىر خۇسۇسىي مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتە يولغا قويۇلغان

قاتتىق ھەم ئۆلۈك باشقۇرۇش ئۇسۇلى يەسلى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا مۇستەقىل سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپنىڭ مۇنتىزىم تۈرمۇش تەرتىپىگە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ئۆگىنىش مەزمۇنى ئاساسەن فىرانسۇز تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بولۇپ، بۇنىڭ دېڭ شىياۋپىڭ ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا جەلپكارلىقى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرى تولىمۇ چەكلىك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى ناچار ئىدى.

بايېتتىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك ساقلاپ قويۇلغان بىر پارچە چىقىم ھېسابات تالونىدىن 1920 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، دېڭ شىياۋپىڭنىڭ شۇ ئايدا جەمئىي ئىككى يۈز قىرىق بەش فىرانك تاماق ۋە ياتاق ھەققى تاپشۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئىككى يۈز فىرانكى تۇرمۇش راسخوتىغا، يەتتە فىرانكى كىيىم يۇدۇرۇش ھەققىگە، يەتتە فىرانكى ئورۇن ـ كۆرپە ئىجارە ھەققىگە كەتكەن، مەكتەپكە ئون ئىككى فىرانك تاپشۇرۇلغان، ئون سەككىز فىرانكتىن ئارتۇقراق پۇل ئۇششاق ـ چۈششەك خىراجەتكە ئىشلىتىلگەن.

مۇشۇ بىر پارچە ھېسابات تالونىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارچە خىراجىتى ئادەتتە ئون بەش فىرانكتىن ئەللىك فىرانكقىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا ھېساب بويىچە يىگىرمە بەش فىرانك ئەتراپىدا بولغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېڭ شىياۋپىڭ پارچە خىراجەتكە پۇلنى تېجەپ ئىشلەتكەن. چۈنكى، ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس

بولۇپ، دادىسى ئازراق چوڭجۇڭ قوناق ۋە يېرىنى سېتىپ، ئوغلىنىڭ فىرانسىيەگە بېرىپ ئوقۇش راسخوتىنى غەملىگەنىدى. بۇ ئىشلار شىشيەننىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بايېتتىكى تۇرمۇشى ناھايىتى تېجەشلىك ھەم ئاددىي ـ ساددا ئۆتتى.

شىشيەن تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولغىنى بىلەن ئۆگىنىشتە بەك تىرىشچان ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ فىرانسۇزچە ئېغىز تىلى ۋە ئاڭلاپ يېزىش ئىقتىدارى خېلىلا ئۆسۈپ قالدى.

ئوقۇغۇچىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا خېلى تېجەشلىك بولسىمۇ، لېكىن يانچۇقىدىكى ئازغىنا پۇلى ئىشلىتىۋېرىپ تۈگەي دەپ قالغانىدى؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش خىراجىتى جەھەتتە قىينىلىپ، جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ياتاقتا پەس ئاۋازدا غۇلغۇلا باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن:

— ھەر كۈنى نەچچە ياپراق بولكا، بىر قاچا قورۇق سۇ بېرىپ بىزنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرەمدۇ نېمە! — دېدى.

— ھەي، ھازىر يېنىمدا بىر فىرانكمۇ يوق. ئۆيدىن پۇل كەلمىدى، بەك تەمتىلداپ كېتىۋاتىمەن! مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، كېيىن قانداق قىلارمىز؟ — دېدى كارىۋاتتا ياتقان بىر ساۋاقدىشى ئاھ ئۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن يېشى چوڭراق شاۋشىڭ:

— شىشيەن، سەن دەپ باقە، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوقۇش ئەمدىلا باشلاندى، يانچۇقنىڭ تۈۋى كۆرۈنۈپ قالدى، ئىككىمىزنىڭ پۇلىنى قوشساقمۇ ئاران ئون نەچچە فىرانك چىقمدۇ... — دېدى.

— راست، راست. بۇنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك! —

دېدى شىشيەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ياتاقتا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ. مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە جىددىيلىكىنى ئۇمۇ ھېس قىلغاندى.

— سىلەرچە مۇنداق قىلساق قانداق بولار؟ — دېدى شىشيەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، — بىز بۇ يەرگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرگىلى ئەمەس، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇغىلى كەلگەن. قولىمىزدىكى پۇلنى ئىشلىتىپ بولاي دېدۇق. ئۆيدىكىلەردىن پۇل تەلەپ قىلىشقا يۈزىمىز چىدىمايدۇ. ئوقۇشىمىزنى داۋام قىلمىساق ئەسلا بولمايدۇ، شۇڭا مەكتەپ تەرەپكە تەلىپىمىزنى دېگىنىمىز تۈزۈك. تىل ئۆگىنىشنى ۋاقىتلىق توختىتايلى، فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتىگە بارايلى. ئۇلار بىزگە بىرەر ئۇنۇملۇك چارە كۆرسەتسۇن. بىز ئۆز ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ، ئاز ـ تولا ئوقۇش خىراجىتى غەملەپ قايتىپ كېلەيلى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇيلى، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا ئامال بولمىسا، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيلى!

— بولىدۇ! بولىدۇ! بۇ يەردە يېڭى نەرسە ئۆگەنگىلىمۇ بولمايدىكەن، بالدۇرراق كېتەيلى. ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس! — دېدى بىرەيلەن دەرھال ئاۋاز قوشۇپ.

— توغرا! شىشيەن توغرا گەپ قىلدى... سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ! بىز ھازىر مەكتەپ تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، ئاندىن فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتىگە بېرىپ ئامال تاپايلى...

— قارىغاندا، ئاۋۋال تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىمەكتىن باشقا يول يوقتەك قىلىدۇ! — دېدى شىشيەن شاۋشېڭغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى ئامبىرى

كەسكىن تەرزدە.

شۇنداق قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن، دېڭ شاۋشېڭ قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئاران بەش ئاي ئوقۇغان بايېت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ پارىژغا قايتتى.

بايېت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە ساقلىنىپ قالغان ئەينى چاغقا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە دوكلاتتا: «يىگىرمە ئىككى نەپەر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىدىن ئون توققۇز نەپىرى 13 ـ چېسلا كەچتە مەكتەپتىن كەتتى. ئۇلار كىرۇجۇن شەھىرىگە بېرىپ ئىشلەيمىز دېيىشتى. بىزنىڭ گۇمانىمىزچە ئۇلار ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ماڭدى...» دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ دوكلاتتا دېيىلگەن گەپلەر راست ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئىشلەمچىلىك قىلغىلى ماڭغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە «ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش» ئۈچۈن، ئۇلار ئالدى بىلەن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش» يولىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار بىر جۇپ قولىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ «دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان» دېگەن ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ئارزۇسىدا ئىدى.

لېكىن، ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن دېڭ شىشيەن بايېت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلغان شۇ كۈندىن تارتىپ، پارىژدا تۇرغان بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە، فىرانسىيەدە مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە قايتا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ فىرانسىيەدە ئۆتكەن بىر مەزگىللىك مەكتەپ ھاياتى بايېت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە بەش ئاي ئوقۇش بىلەن چەكلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەقدىر بۇ ياشنى كەسپىي ئىنقىلابچى ۋە سىياسىي پائالىيەتچى بولۇش نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلاشقا چاقىردى...

# پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدىكى شاكىچىك پىروكاتچىك

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ باشلىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېڭىلا ئاياغلىشىپ تۇرۇشىغا، پۈتكۈل فىرانسىيە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىساد كاساتلاشقان مەزگىلگە كىردى. چۈنكى، ئۇرۇش مەزگىلىدە مال زاكاز قىلىدىغان سودا ئىشلىرى يورۇشمەي قالغانلىقتىن، كۆپلىگەن زاۋۇتلار ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان ياكى تاقالغان، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىمىغان بىر قىسىم زاۋۇتلاردا زور بىر تۈركۈم ئىشچىلار قىسقارتىلغانىدى. ئىشسىزلىق مەسىلىسى فىرانسىيەدە گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلانغانىدى. شۇڭا، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئارزۇسىدا فىرانسىيەگە كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازغىنا كىرىم قىلىدىغان خىزمەتنى تېپىشى ئاسان ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1920 - يىلى 12 - ئايغىچە فىرانسىيەگە بارغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئاشقان. بۇ ئوقۇغۇچىلار فىرانسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلاردا قۇربى يېتىدىغان «ئادەتتىكى ئىشلار»نى قىلاتتى ياكى «پارچە - پۇرات ئىشلار»نىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. «پارچە - پۇرات ئىش قىلىدىغانلار» فىرانسۇز تىلىدا «مالوۋۇ» دېيىلەتتى. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار قىيىنچىلىق ئىچىدىن شادلىق ئىزدەپ، بىر -

www.uyghurkitap.com

بىرنى «مالاۋۋۇ» دەپ ئاتىشاتتى.

ئەلۋەتتە، «مالاۋۋۇ» بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ھەر ھالدا خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تېپىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، پارىژنىڭ لاپېئەنتىر كوچىسىغا جايلاشقان 39 - نومۇرلۇق بىنادىكى فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتىگە توپلىناتتى. مائارىپ جەمئىيىتى ھەربىر ئادەمگە بەش فىرانك تۇرمۇش پۇلى تارقىتاتتى، شۇ پۇل بىلەن ۋاقىتلىق بولسىمۇ جېنىنى جان ئېتەتتى.

1921 - يىلى 3 - ئايدا، دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بابېل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ پارىژغا قايتىپ كەلگەندە، فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتىدە ئادەمنىڭ كۆپلۈكى ئاپەتكە ئايلانغانىدى. ئوقۇشتىن ۋە ئىشتىن توختاپ قالغان مىڭدەك ئوقۇغۇچى مۇساپىرلارغا ئوخشاش مۇشۇ يەرگە يىغىلغان بولۇپ، ئاچ - زېرىن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. شۇ چاغدا، فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىنى ئىشخانا قىلغاندىن سىرت بىرىنچى قەۋەت، يەر ئاستى ئۆيى، بالكون... قاتارلىق ئورۇنلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى، ھەتتا ھويلىغىمۇ ئاددىي چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، كېيىنى - كەينىدىن كېلىۋاتقان تۇرار جايى يوق ئوقۇغۇچىلار شۇ چېدىرلاردا يېتىپ - قوپاتتى.

دېڭ شىشيەن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بۇ جايغا كېلىپ مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ زالىغا ئورۇنلىشىپ، ئورۇن - كۆرپىسىنى داق يەرگە سېلىپ يېتىپ - قوپۇپ يۈردى. شىشيەن بۇ يەردە بىر ئايغا يېقىن تۇردى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئۇ قىزى ماۋماۋغا ئۆزىنىڭ شۇ

بىر مەزگىللىك تۇرمۇشىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «شۇ چاغلاردا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياج ئۇرۇش مەزگىلىدىكىدەك جىددىي ئەمەس ئىدى، خىزمەت تېپىش تەس، مائاش تۆۋەن بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھال ئۆزىمىزنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، ئىشلەپ تېپىپ جان بېقىش قىيىن ئىدى. بۇ ئەھۋالدا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ‹سانائەت ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش›، ‹ئاز – تولا بىلىم ئىگىلەش› قاتارلىق خىياللار كۆپۈككە ئايلاندى».

لېكىن، ئۇ ئاشۇ تەشۋىشلىك كۈنلەردە يەنىلا خىزمەت پۇرسىتى كۈتۈپ يۈردى. فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتى ئۇلارغا خىزمەت ئۇقتۇرۇپ بەردى. ئۇلار كىرۇجۇن شەھىرىدىكى سىنايد بىرلەشمە زاۋۇتىغا بېرىپ «قارا ئىش» قىلىدىغان بولدى.

1921 – يىلى 4 – ئاينىڭ 2 – كۈنى دېڭ شىشيەن، دېڭ شاۋشېڭ ۋە باشقا سىچۈەنلىك تۆت ئوقۇغۇچى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى چەت – ياقىغا جايلاشقان كىرۇجۇن شەھىرىگە كەلدى.

كىرۇجۇن مەشھۇر ئېغىر سانائەت شەھىرى ئىدى. سىنايد بىرلەشمە زاۋۇتى شۇ چاغلاردا فىرانسىيەدىكى ئەڭ مۇھىم پولات – تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ھەم ھەربىي قورال – ياراغ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى. مەزكۇر زاۋۇتتا تەخمىنەن ئوتتۇز مىڭدىن كۆپرەك ئىشچى ئىشلەيتتى. جۈملىدىن تۆمۈر يول، ماشىنىسازلىق، زەمبىرەك ياساش، مېتاللورگىيە، بىناكارلىق، قۇيمىچىلىق قاتارلىق تارماقلار بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۇ زاۋۇت زور بىر تۈركۈم چەت ئەللىك ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىككە كەتكەن ياشلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرغانىدى. 1917 ـ يىلى كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئىشچىلار بۇ زاۋۇتقا كېلىپ ئىشلىگەن، 1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن ئىلگىرى مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار يىگىرمە نەچچىگە يەتكەن. كېيىن دىڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كەلدى. 1921 ـ يىلى يازدا بۇ يەرگە ئىشلىگىلى كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار يۈزدىن ئېشىپ كەتتى.

سىنايد بىرلەشمە زاۋۇتىنىڭ كونا ئارخىپىدا دىڭ شىشيەن قاتارلىقلارنىڭ شۇ يىلى تىزىمغا ئالدۇرغان ئارخىپى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلانغان:

«دىڭ شىشيەن، ئون ئالتە ياش، بايېت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدىن كەلگەن، گرونبو جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئىشچىلار كومىتېتى ئەۋەتكەن. زاۋۇتقا كىرىشتە رويخەتكە ئالدۇرغان ۋاقتى 1921 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئىشچىلىق نومۇرى 07396، ئىشلەيدىغان سېخى پىروكاتلاش سېخى، ئىش تۈرى پىروكاتچىك.»

بۇ ئەمگەك سىجىللىقى ناھايىتى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم خەتىرى بار ئىش ئىدى. پىروكاتچىك دومناپېچتىن پورۇقلاپ قايناپ چىقىۋاتقان پولات ئېرىتمىسىنى قېلىپقا تۆكەتتى، قېيقىزىل پولات ئېرىتمىسى بېسىلىپ نوكچە پولات ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇزۇن لاخشىگىر بىلەن نوكچە پولاتنى قېلىپتىن ئاجرىتىۋېلىپ، پىروكاتلاش ماشىنىسى مەشغۇلات قىلىۋاتقان يولغا سالاتتى، ئاندىن پىروكاتلاش ماشىنىسى ئۇلارنى ئۆلچەم بويىچە پىروكاتلاپ، ھەر

خىل تۈردىكى ماتېرىيال قىلىپ چىقاتتى.

بۇ ئىش ئادەتتە قىرىق گىرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق سېختا ئېلىپ بېرىلاتتى. پولات ئېرىتمىسى قىزىق، داشقاللار ھەر تەرەپكە چاچراپ تۇراتتى. پىروكاتلىنىپ چىققان قىزىق پولات ماتېرىياللىرى ناھايىتى زور ئىنېرتسىيە كۈچى بىلەن ئۇياق ـ بۇياقلارغا كېتىپ قالاتتى. سەللا دىققەت قىلىنمىسا، مەشغۇلات قىلىۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى كۆيۈپ قالاتتى، ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىقاتتى.

دىڭ شاۋشېڭ قارا تەرگە چۆمۈپ ئۇزۇن لاخشىگىر بىلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قورقۇمسىراپ، شىشيەنگە پەس ئاۋازدا:

ــ تەگرىم! شىشيەن، بۇ ئىش كىشىنى چارچىتىۋېتىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ، دىققەت قىلمىسا ئادەم يارىلىنىدىكەن، بولدى قىلايلىمىكىن! ــ دېدى.

ــ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ نىيەت قىلىپ كەلدۇق، ــ دېدى شىشيەن. ئۇنىڭ يۈزى قىپقىزىل پولات تاختىنىڭ قىزىقىدا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ــ سېنىڭ يېشىڭ كىچىك، بۇ چاپاغا چىدىيالماي قالارسەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، بولمىسا مائارىپ جەمئىيىتىگە قايتىپ بېرىپ بىر ئامال قىلامدۇقيا؟

ــ ياق بولدى! ــ دېدى شىشيەن لىۋىنى چىشلەپ، ــ كەلگەنىكەنمىز، كۆنۈپ قالىمىز، بىر كىشىلىك خىزمەت تاپماق ئاسان ئەمەس. خەق قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلالايمىز!

شىشيەننىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شاۋشېڭ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا پىروكاتلاش سېخىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ئەڭ

مۇشەققەتلىك قارا خىزمەتنى باشلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەزەلدىن سىبىخ تېخنىكا تەربىيەسى كۆرمىگەن ئون ئالتە ياشلىق جۇڭگولۇق بالا ئۆزىنىڭ ئىشچان بىر جۈپ قولى بىلەن كۆمۈر توشۇش، پولات تاختاي يۆتكەش، پولات چىۋىق تارتىش، ئۇنىڭدىن باشقا ئېگىش، ئارىلاشتۇرۇش، بۇرغىلاش، چېكىش قاتارلىق ئىش تۈرلىرىنى ئۆگەندى ۋە مەشغۇلات قىلدى.

شىشىيەن قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپ مۇشۇنداق ئېغىر ئەمگەكنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەزگىلى بولسىمۇ، ھەركۈنى ھېرىپ ـ چارچاش تۈپەيلىدىن بېلىنى رۇسلىيالماي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېچە ـ كۈندۈز دىمەي ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك ۋە كەچلىك ئىسمىنا بويىچە ئالمىشىپ ئىشلەيتتى. كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەش ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

ئەڭ يامان بولغىنى ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى بەك ئاز ئىدى. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مۇقىم ئىش ھەققى ئون ئىككى فىرانكتىن ئون تۆت فىرانكقىچە بېكىتىلگەنىدى. فىرانسىيەنىڭ بەلگىلىمىسىدە ئون سەككىز ياشقا توشمىغان باللار شاگىرت دەپ قارىلاتتى. شىشيەن ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولغاچقا، شاگىرت ھېسابلىناتتى. شاگىرتلارنىڭ كۈندىلىك ئىش ھەققى ئون فىرانك ئىدى، بىر فىرانكنى «زاكالەت ھەققى»گە تۇتۇۋېلىپ، قولىغا توققۇز فىرانك تېگەتتى. كىرىم تۆۋەن بولغانلىقتىن تۇرمۇش غورىگىل ئۆتەتتى، كۈندىلىك تاماق بەكمۇ ئاددىي ئىدى. ئۇلار ھەمىشە بولكا يەپ، تۇرۇبا سۈيى ئىچەتتى.

ئۇلار ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، زاۋۇت مەخسۇس ياساپ بەرگەن يوغان ھەم ئاددىي بىر لاپاستا تۇراتتى. لاپاس زاۋۇتتىن

يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ يوغان بىر لاپاستا يېتىپ ـ قوپقانلىقىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ماۋ ماۋ ئۈزنىنىڭ «دادام دېڭ شياۋپىڭ» (1 ـ قىسىم) ناملىق كىتابىدا دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك زاۋۇت تۇرمۇشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەسلىدە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش نىيىتىدە مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلىگەنىدى. لېكىن، ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنى ھاردۇرۇپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى، تۆۋەن مائاش كىرىمى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيالمىدى. دادام كىرۇجۇندا بىر ئاي جاپالىق ئىشلىگەن، تاپقان پۇلى تامىقىغىمۇ يەتمەي، يەنە تېخى بىرەر يۈز فىرانكتىن كۆپ زىيان تارتقان».

شىشيەن بۇ زاۋۇتتا ئۈچ ھەپتە جاپالىق ئىشلىدى، ئاخىرىدا ئىشبېشىلىرىنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا تۇتقان قوپال پوزىتسىيەسىگە ۋە يولسىز ئەيىبلەشلىرىگە چىدىماي، 1921 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى غەزەپلەنگەن پېتى بۇ زاۋۇتتىن كەتتى، بىر ئايدىن كېيىن دېڭ شاۋشېڭ ۋە باشقا ھەمراھلىرىمۇ بۇ زاۋۇتتىن كەتتى.

بىر ئايغا يېقىن داۋام قىلغان ئېغىر ئەمگەك گەرچە شىشيەننىڭ بالىلىق چاغلىرىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش يولىدىكى كىچىككىنە جەريان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۇ كۈنلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان بىر مەزگىللىك قىسقا ھايات مۇساپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇ يەردە شىشيەن كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىز

www.uyghurkitap.com

ھەم سوغۇق مۇئامىلىسىنى، كاپىتالىستلارنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئىشچىلارنى ئېزىدىغان ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى شەخسەن ھېس قىلدى. مۇشۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭغا كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاتالمىش «باي» دېگەن تاشقى قىياپىتىدىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەرى، كۆز يېشى ۋە ئىسسىق قانلىرى تامچىلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شىشيەن شۇ زاۋۇتتا يەنە سىلىسارلىق قاتارلىق نۇرغۇن تېخنىكىلارنى ئىگىلىدى. ئەمگەكچى ئىشچىلارنىڭ جەبىر - جاپاسىنى ۋە ھېرىپ - چارچاشلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇنداق خىزمەت كەچۈرمىشى ۋە تېخنىكا نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئايەتلىك يىللاردا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈرۈلۈپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئەمگەكچى ئىشچىلارغا ئوخشاش تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇھىمى ئۇ فىرانسىيە سانائەت پىرولېتارلىرىنىڭ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمگىكىدىن دەسلەپكى تەجرىبە ۋە تەسىرات ھاسىل قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ جىنايەتلىك ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتى.

ياۋروپادا 4 - ئايدا زەيتۇن دەرەخلىرى كۆكىرىپ، كاككۇك گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەندى. بىراق، ئۇن ئالتە ياشقا كىرگەن دېڭ شىشيەننىڭ باھار مەنزىرىسىدىن زوقلىنىشقا رايى بارمايتتى.

ئالدىدىكى يول ئۇزۇن، ئۇ چاقىقانغىنا يۈك - تاقىنى يۇدۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ئىستىقبالىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كىچىك قەدەملىرىدىن فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يوللاردا چوڭقۇر ئىزلار قالدى.

# جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەر

1921 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوقۇشتىن، خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغان دېڭ شىشيەن ئۆزىنىڭ ئون يەتتە ياشقا تولغان خاتىرە كۈننى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

شىشيەن كرۇجۇن شەھىرىدىكى سېنايد بىرلەشمە زاۋۇتىدىن قايتىپ چىقىپ، ئامالسىز پارىژدىكى جۇڭگولۇقلار مائارىپ جەمئىيىتىگە يەنە بىر قېتىم باردى ـ دە، شۇ يەردە ۋاقتىنچە تۇرۇپ قالدى.

مائارىپ جەمئىيىتىدە لى خۇاڭ ئىسىملىك بىر خادىم بار ئىدى. بۇلتۇر دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى كەلگەندە، بۇ كىشى مارسېل پورتىغا بېرىپ ئۇلارنى قارشى ئالغانىدى. ئەمدى دېڭ شىشيەن ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولۇپ قالغاچقا، تارتىنماي پاراڭلىشالايتتى.

— لى ئەپەندى، سەت بولدى، «ئوپچە تاماق يېگىلى» يەنە يېنىمىزغا كېلىپ قالدىم! — دېدى شىشيەن ھۆججەت كۆچۈرۈۋاتقان لى خۇاڭغا، — شۇنچە چوڭ فىرانسىيەدە بىزگە باش تىققۇدەك جاي پەقەت سىزنىڭ يېنىڭىزدىنلا تېپىلىدىكەن!

— ئۇھ، دېڭ شىشيەن، موللا تاپقاق! زاۋۇتتىكىلەر بويۇڭنى پاكار كۆرۈپ كەمسىندۈرۈپ، غورۇرۇڭغا ئازار بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى لى خۇاڭ ئەتەي چاقچاق قىلىپ. ئۇ شۇ ئارقىلىق شىشيەننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تارقىتىۋەتمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇۋاتاتتى.

— ھەي، بولدى بەس! ناۋادا بويۇمنىڭ پاكارلىقى سەۋەبلىك بوزەك بولغان بولسام چىدىغان بولاتتىم. ئۇلارنىڭ قەھرىمانى ناپالېئونىڭمۇ بويى ئېگىز ئەمەسقۇ! كاپىتالىستلارنىڭ ئىشپىشلىرى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى زادىلا ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، ئادەم گۆشىدىن ياسالغان ماشىنا ئورنىدا كۆردى.

— گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق! قايتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارمۇ سەن بىلەن ئوخشاش تەسىراتتا! — دېدى لى خۇاڭ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىلاجسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، — شۇنداق ئىكەن، سېنىڭ ئۇ يەردىن غەزەپ بىلەن چىقىپ كېتىشىڭنىڭ ئۆزى ئاقىلانىلىك، ھاقارەتلىنىشكە بولمايدۇ - دە!

— زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىپ بۇ يەرگە قايتىپ كەلدىم، ئۆيدىن ئالغاچ كەلگەن پۇل - پۇچەك ئاللىبۇرۇن تۈگىدى، ھازىر تىرىكچىلىك قىلىش بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، — دېدى شىشيەن قايغۇلۇق قىياپەتتە، — لى ئەپەندى، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قىلغۇدەك خىزمەت بارمۇ، قاراپ باققان بولسىڭىز!

— قايغۇرۇپ كەتمە، ئامال ھامان تېپىلىدۇ! — دېدى لى خۇاڭ شىشيەننىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— قايغۇرۇپمۇ كەتمىدىم، سەل جىددىيلىشىپ قالغىنىم راست، بۇ... — دېدى شىشيەن قورسىقىنى شاپىلاقلاپ، — قورسىقىم ئېچىپ چىدىيالماي قالدىم! — دېدى.

— مۇنداق قىلساق قانداق، دېڭ شىشيەن، پۇرسەت چىققان ھامان سېنى تەۋسىيە قىلاي، خىزمەتكە تونۇشتۇراي. سەن

ئاۋۋال بىر پارچە ئانكىت توشقۇز. مائارىپ جەمئىيىتىدىن ھەركۈنى بەش فىرانك تۇرمۇش راسخوتى ئالىسەن، ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمىسىمۇ، ھەر ھالدا يوقتىن ياخشى!

— ئەمىسە رەھمەت سىزگە لى ئەپەندى، — دېدى شىشيەن، — تامچا سۇدەك شەپقىتىڭىزگە ئالەمچە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماق كېرەك!

ئەمەلىيەتتە كۈندە بېرىلىدىغان بەش فىرانك بىلەن شۇ چاغلاردا ئادەتتىكى تۇرمۇشنى قامدىماق تەس ئىدى. شۇڭا، دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈندە ئىككى ۋاخ تاماق يەيتتى، ئادەتتە تۇرۇبا سۈيى بىلەن بولكا يەپ كۈننى كەچ قىلاتتى، بەزىدە ناچار شاكىلات يەيتتى. ئاز - تولا كۆكتات، گۆش ۋە تۇخۇم قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېيەلىگەن ئادەم ئېسىل يېمەكلىكلەردىن بەھرىمەن بولغانلار قاتارىدا سانىلاتتى.

شىشيەن شۇ كۈنلەردە ھەركۈنى پۇرسەت ئۇستىدە ئىزدەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۇچۇكىنى تېتىدى.

بىر كۈنى مائارىپ جەمئىيىتىدە توساتتىن سىچۇەنلىك بىر تونۇشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ تونۇشى شىشيەنگە پارىژ 10 - رايونىدىكى قانالنىڭ بويىدىكى مەخسۇس يەلپۈگۈچ ۋە گۈل ياسايدىغان شانبوران زاۋۇتىنىڭ كۆپلەپ ئىشچى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن باردىم، ئىش ھەققى بەك تۆۋەن، قىزلارغا لايىق خىزمەت ئىكەن. ئادەم چارچىمۇ كەتمەيدىكەن، ئەپچىللىكنى تەلەپ قىلىدىكەن. شىشيەن، سەنمۇ بېرىپ بىر مەزگىل ئىشلەپ باق... — دەپ تەكلىپ بەردى ھېلىقى يۇرتدىشى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— قارىغاندا جان بېقىپ كەتكۈدەكلا ئىش بولسا، ئوغۇللار قىلىدىغان ئىش بولامدۇ، قىزلار قىلىدىغان ئىش بولامدۇ قىلىۋەرسەم بولغۇدەك، — دېدى شىشيەن، — يۈرە بىللە بارايلى، مائارىپ جەمئىيىتىدە «ئۆلۈمنى كۆتۈپ ئولتۇرغان»دىن ياخشى ئەمەسمۇ!

1921 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن دېڭ شاۋشېڭ ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە يەلپۈگۈچ ۋە گۈل ياسايدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتى.

ئەينى چاغدا شۇ زاۋۇتقا بارغان لۇ ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ: «قىيىنچىلىق چېكىگە يەتكەنلىكتىن، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئارزۇسىدىكى ئوقۇغۇچىلار توساتتىن يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىغاندەك ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقىغا پەرۋا قىلماي، قوبۇل قىلىسىلا بولىدىغۇ، دەپ مېڭىشتى. شۇنىڭ بىلەن بارغان ئوقۇغۇچىلار يۈزدىن ئېشىپ كەتتى» دېگەنىدى.

بۇ زاۋۇتتا ئىش ھەققى ھەقىقەتەن بەك تۆۋەن بولۇپ، بەش يۈز تال گۈل ياسىسا ئاران ئون فرانك بېرەتتى. شۇ چاغدا بىر مەلىكىلىك ئىشچى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلىسە، كۈنىگە كۆپ بولغاندا يەتتە ـ سەككىز يۈز گۈل ياسايتتى.

بۇ كىچىك زاۋۇت ئەينى چاغدا بىر تۈركۈم ئامېرىكىلىقلار تويلىغان مەبلەغكە مال زاكاز قىلغانىدى. ئىشچىلار تاۋاردىن ياكى داكىدىن گۈل ياساپ، بىر تال ئىنچىكە سىمغا «ئۇرۇشتا قۇربان بولغان گېنېراللار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ يەسىرەسى ۋە يېتىم بالىلىرىدىن» دېگەن خەت يېزىلغان باغاقچىنى ئوراپ قوياتتى.

دېڭ شىشيەن قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى شۇ زاۋۇتتا گۈل ياساپ، «گۈل ياساش ئۇستىلىرى»دىن بولۇپ كەتتى.

— بولدىكەنغۇ، مۇشۇنداق ياساۋەرسەك، كۆڭلەرنىڭ بىردە جۇڭگوغا بېرىپ قالساق ھېچقايسىمىز تىرىكچىلىكنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرمەيدىكەنمىز، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن گۈلچەمبىرەك ياسايدىغان دۇكان ئاچساق بولىدىكەنغۇ! — جىمجىتلىق ۋە زېرىكىشلىككە چىدىمىغان بىرەيلەن شۇنداق دەپ ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلدى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، بىز بۇنى «ئوغۇللار ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق ئەھۋالغا ماسلىشالايدۇ» دەيمىز، — دېدى بىرەيلەن ئۆزىگە ۋە باشقا ھەمراھلىرىغا مەدەت بېرىپ.

لېكىن، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گۈل ياساش ھۈنىرىگە يامان ئەمەس قولى كېلىپ، ھەركۈنى ياسىغان گۈللىرىدىن ئون نەچچە فىرانك تاپىدىغان بولغان چاغدا، خوجايىن ئىشچىلارغا بۇ بىر تۈركۈم زاكاز ماللارنىڭ قولدىن چىقىپ بولغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا زاكاز تاپشۇرۇلمىغانلىقىنى، شۇڭا ۋاقىتلىق ئىشچىلارنىڭ بىردەك ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى يەنە ئىشسىز قالدى. ئۇلار بۇ يەردە ئىككى ھەپتە ئىشلىدى. شىشيەن شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلدى.

دېڭ شىشيەن ئاشخانىدا ۋاقىتلىق كۈتكۈچى بولدى،

ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بېكەت ۋە پورتلاردا هامماللىق قىلدى، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا خىش ۋە كاھىش پارچىلىرىنى يىغىشتۇردى، سېمونت توشۇدى؛ ھەتتا تۆمۈر يول ئۇچاستىكىسىغا بېرىپ پاراۋوزدا ئوت قالىدى، يالقۇن تەپتى كېلىدىغان ئوچاق ئالدىدا تۇرۇپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوچاققا توختىماستىن كۆمۈر تاشلاشقا مەسئۇل بولدى...

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر جىسمانىي كۈچ تەلەپ قىلاتتى. شىشيەن كىچىك تۇرۇپ مۇشۇنداق جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى.

ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى تاۋلىدى، ئۇنىڭدا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان ئېگىلمەس ـ سۇنماس خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ «دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان» دېگەن ھەقىقەتنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

دېڭ شىشيەن مۇقىم بولمىغان، يەنە كېلىپ بەزىدە بار، بەزىدە يوق تۈرلۈك جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن تاكى 1922 ـ يىلىنىڭ باش باھار مەزگىلىگىچە مەشغۇل بولدى.

بۇ چاغدا، فىرانسىيەگە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا بارغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، مۇئەييەن دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى، بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلۈۋاتاتتى:

بىرىنچى، شۇ چاغلاردا فىرانسىيەدە دۆلەت ئىقتىسادى ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن، كۆپلىگەن زاۋۇتلارنىڭ ھاياتىي كۈچى بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىپ، يېڭىباشتىن ئىشلەپچىقىرىش

كىرىشكەن چاغلار بولۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى كۆپەيمەكتە ئىدى.

ئىككىنچى، «فىرانسىيەگە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى» قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى زور كۆلەملىك «ئاچارچىلىققا قارشى ھەرىكىتى»نى تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى، كۈرەش ئارقىلىق «فىرانسىيە ـ جۇڭگو ئوقۇشقا كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا ھامىيلىق قىلىش جەمئىيىتى»نى قۇردى. فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقلىشىپ، تەشكىللىي شەكىل ۋە كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقىنى قوغداپ، «ئەمگەك ھوقۇقى، ئوقۇش ھوقۇقى، بولكا ھوقۇقى» ئۈچۈن كۈرەش قىلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۈرەشلەر ئاخىرى بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتى ۋە مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى ياخشىلاندى.

1921 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئون يەتتە ياشلىق دېڭ شىيەن تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىلتىماسىنامىسىگە قول قويغانىدى.

شۇ چاغدا، فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى

بىر تۈركۈم رەھبەرلەر فىرانسىيەگە شىشيەندىن بالدۇر كەلگەن، يېشى سەل چوڭراق، سىياسىي تەجرىبىسى كۆپرەك ئىلغار ياشلار بولۇپ، بۇلار جۇ ئېنلەي، جاۋ شىيەن، سەي خېسېن، چېن يى، لى ۋېيخەن، ۋاڭ روفېي، شاڭ جىڭيۇ، لى فۇچۈن، لىيۇ بوجيەن ۋە لى ۋېينۇڭ قاتارلىقلار ئىدى. بۇ بىر تۈركۈم ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي سېپىدە ۋە سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئالدىدا تۇرغان ياشلار ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆز رولىنى پائال جارى قىلدۇرماقتا ئىدى.

دېڭ شىشيەن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كىشىلەرگە يېقىنلاشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ سېپىدىكى مۇھىم بىر ئەزا بولۇپ قالدى.



# ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدا

بويى پاكار، ئاقپىشما، كەڭ يۈزلۈك ئون يەتتە ياشلىق بىر يىگىت كىچىك شەھەرنىڭ ئاددىي ھەم ھەشەمەتسىز ۋوگزالىنىڭ بېلەت سېتىش زالىدىن چىقتى، بارىدىغان مەنزىلى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. پويىز پارىژدىكى لېئون ۋوگزالىدىن مۇندانى شەھەرىگە توقسان مىنۇتتا باراتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، لاپېئەنتېر كوچىسى 39 ـ بىنادىكى يولداشنىڭ يولىيورۇقىنى يەنە ئېسىگە ئالدى. ئۇ كىرا ھەققى قىممەت تاكسىغا ئولتۇرماي پىيادە ماڭدى، بۇ يەردىن ئۇنىڭ بارىدىغان مەنزىلى — ۋوگزالغا بەش كىلومېتىرلا كېلەتتى. ئۇ پارىژدىن لېئونغا قاراپ سوزۇلغان يولدا تېز قەدەملەر بىلەن كېتىۋېتىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ شەھەر مەركىزىگە، قانالغا ئاز قالغاندا يەنە ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ شالەيتېر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، يولۇچىلاردىن شەھەر مەمۇرىيىتى تۇرۇشلۇق جايىنى سورايتتى...

بۇ 1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىنىڭ باش باھار مەزگىلى بولۇپ، پارىژ شەھىرى ئەتراپىدىكى ئېرەن ۋە زەيتۇن دەرەخلىرى تېخى يوپۇرماق چىقارمىغانىدى، تىيىنلار قار دۆۋىسىدە ئۇنتۇپ قالغان قارىغاي ئۇرۇقى ۋە دۇپ دەرىخى ئۇرۇقلىرىنى ئىزدەپ، قار يىغىلىپ قالغان جايلاردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا سەكرەپ يۈرۈشەتتى، قۇشقاچلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى

بايقاشلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك شاخلارنىڭ ئارىسىدا تىنماي چۇرۇقلىشاتتى...

شىشيەنىنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى، ئۇ شەھەر ئەتراپىدىكى يولدا يېرىم كۈندەك ماڭغان بولسىمۇ، يەنىلا چارچىغاندەك بولمىدى. ئەمەلىيەتتە ھاۋا سەل سوغۇق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىتىن تەرلەپ، بېشىدىن ئىسسىق ھور ئۆرلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

يول بويلىرىدا بىر - بىرىدىن ئوماق تىيىنلار شىشيەنىنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەي، قارىغاي ۋە دۇپ دەرەخلىرى ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى.

شىشيەن ئىسقىرتىپ يانچۇقىنى ئاختۇردى، لېكىن يانچۇقىدىن تىيىنلارغا بەرگۈدەك بولكىنىڭ ئۇۋۇندىلىرىمۇ چىقمىدى.

— كەچۈرۈڭلار، شا كىچىككىلەر! — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، يېنىمدا ھېچنېمە يوق!

شىشيەن شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ باش باھار پەسلىدىكى ئاشۇ كىچىك جانىۋارلارغا ئوخشاش تىرىكچىلىك يولىدا ئالدىراپ چېپىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى! توغرا، ئۇ ھەقىقەتەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى. يېقىندا بىر مۇنچە يەرلەرگە قاتراپ يۈرۈپ، پارىژنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان نام لوۋار ئۆلكىسىگە قاراشلىق مۇندانى بازىرىدىكى ھارگىنسىن كاۋچۇك زاۋۇتىدىن يېڭى خىزمەت تاپقانىدى. ئۇ مۇشۇ زاۋۇتقا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتاتتى.

مۇندانى بازىرىنىڭ يېنىدا شالەيتېر دەپ ئاتىلىدىغان، ئۈچ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىڭدەك ئاھالىسى بار كىچىككىرەك بىر بازار ئىدى. «كونا» ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتى مۇشۇ بازاردا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ياۋروپادىكى ئەڭ مەشھۇر كاۋچۇك زاۋۇتى ئىكەن. زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئاساسەن جۇڭگو، ھىندىستان، ۋيېتنام ۋە بىلورۇسىيەدىن كەلگەننىدى. 1922 ـ يىلى بۇ زاۋۇتتا مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار ئىدى. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇزدىن ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى بالون، يامغۇرلۇق چاپان ھەم كالاچ ياساش ئىدى.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن شالەيتېر شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىغا كىرىپ تىزىملاش دەپتىرىگە سالاھىيىتىنى تىزىملاتتى، تىزىملاش دەپتىرىگە يەنە «دېڭ شىشيەن» دېگەن ئىسمىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، تۇغۇلغان يىلىنى، 1250394 رەقەملىك كىملىك نومۇرىنى ئېنىق قىلىپ يازدى. ئەتىسى ئۇ ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىغا كىرىپ، كالاچ ياساش سېخىغا تەقسىم قىلىندى ھەمدە يېڭى خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ نومۇرى 5370 ئىدى.

شىشيەننىڭ خىزمىتى يامغۇرلۇق كۆنلەردە كىيىدىغان كالاچ ياساش ئىدى. بۇ خىزمەت ئاددىي ھەم زېرىكىشلىك بولۇپ، ئالدى بىلەن ئاياغنىڭ چەمى، پېتىكى ۋە باشلىقى يوللاپ بېرىلەتتى، بۇلار ئىش سۇپىسىدىكى ياغاچ قېلىپقا سېلىناتتى، ئاندىن ئەستەرگە شىلىم سۈركىلەتتى ـ دە، چەمى، پېتىكى ۋە باشلىقى چىڭ چاپلىناتتى، ئاخىرى پىرېسلىنىپ ئاياغ تەييار بولاتتى.

شىشيەن ھەركۈنى ئون سائەت ئىشلەيتتى، شەنبە كۈنلۈك ئىش ۋاقتى يېرىم كۈن ئىدى. زاۋۇتتا ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىلەتتى، تېخنىكىسى ناچارراق ئىشچىلار كۈنلۈكى ئون نەچچە جۈپ كالاچ پۈتكۈزەتتى.

شىشيەن بۇ خىزمەتنى بەك قەدىرلىدى، ئۇ بېرىلىپ، كۈچىنىپ ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولى ئەپلىك بولغاچقا، تېخنىكىنى تېزلا ئىگىللىدى. كالاچ ئۇنىڭ قولىدىن تېز ھەم ياخشى پۈتۈپ چىقاتتى. باشقىلار كۈنلۈكى ئون نەچچە جۈپ كالاچ پۈتكۈزسە، ئۇ كۈنلۈكى يىگىرمە نەچچە جۈپ كالاچنى قولىدىن چىقىرىپ، ئون بەش ـ ئون ئالتە فىرانك تاپاتتى.

بۇ يېنىك جىسمانىي ئەمگەك ئىدى. شىشيەن ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ «خىزمەت تەجرىبىسى»نى سۆزلەپ: «بۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق، ئۆز ئىشىغا پىششىق بولسىلا بولىدى» دەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇت ئۆيلىرى ئازادە ـ يورۇق، تۇرمۇش خىراجىتىمۇ ئاز ئىدى. ئەمگەكتىن كىرىدىغان كىرىم بەك ئاز بولسىمۇ، لېكىن شىشيەننىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان لاپاسىنىڭ ئەتراپىدا خالىي بىر دەرەخزارلىق بولۇپ، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالغاندا، شىشيەن مۇشۇ دەرەخزارلىققا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق ئىدى.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ فىرانسۇز تىلى سەۋىيەسىمۇ خېلى ئۆسۈپ قالغان بولۇپ، بەزى فىرانسۇزچە كىتابلارنى ئوقۇيالايتتى، بەزىدە فىرانسۇزچە كىتابنى ئېلىپ، بىرەر يەرنى تېپىپ ئوقۇيتتى. ھەمراھلىرى چاقچاق قىلىپ:

— دېڭ شىشيەن، سەن بەك تىرىشچان جۇمۇ، ۋەتەنگە

قايتىپ پىروفېسسور بولغۇلۇق بارمۇ؟ — دېيىشەتتى.

— پىروفېسسور دېگەن نېمە گەپ ئۇ، بۇ يەرگە كېلىشىمنى چۈشۈمدىمۇ ئويلىمىغانىدىم! ئىشقىلىپ يەكشەنبە كۈنى ئىش يوق، ئاز - تولا كىتاب ئوقۇپ ئازراق بىر نەرسە ئۆگەنسەم دەيمەن! بولمىسا، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەشنىلا بىلىپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇمىسا قاملاشماي قالامدۇ؟ — دەيتتى دېڭ شىيەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

شىيەن بارا - بارا ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار تۇرۇۋاتقان لاپاستا ئەڭ ئاكتىپ ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە شۇنچە كۆڭۈللۈك ياشايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ ھايات مۇساپىسىدە مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

بىر كۈنى، ئۇ بۇ يەردە ئۆزى ناھايىتى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىككى كىشى — جاۋ شىيەن ۋە ۋاڭ روفېي بىلەن تونۇشتى ھەم ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

ئەسلىدە، شىيەن سېنايد بىرلەشمە زاۋۇتىدا پىروكاتچىك بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا سىچۇەنلىك يۇرتدىشى جاۋ شىيەن بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇ شىيەندىن سەل چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاكا ئورنىدا كۆڭۈل بۆلەتتى. جاۋ شىيەندە ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. لېكىن، شىيەن شۇ چاغدا جاۋ شىيەننىڭ فىرانسىيەدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي داھىيسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. جاۋ شىيەن ئۇزۇن ئۆتمەي «ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياش كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسى»نىڭ سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاۋ شىيەن قەتئىي ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق ھەم غۇرۇرلۇق، بويى پاكار بۇ سىچۈەنلىك ئوقۇغۇچىنى كۆزەتكەن ھەم ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ سېنايد بىرلەشمە زاۋۇتىنىڭ پىروكاتلاش سېخىدا ئىشلەۋاتقان چېغىدا شىشيەنگە مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنىم، مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشىڭ بولسا مېنى ئىزدە. مېنىڭ ئىسمىم جاۋ شىيەن، ئېسىڭدە تۇت...»

شىشيەن جاۋ شىيەننىڭمۇ ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزى بىلەن بىللە ۋاڭ روفېي ئىسىملىك بىر ھەمراھىنى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— دېڭ شىشيەن، مەن سېنى بەك تەستە تاپتىم! — دېدى بىر كۈنى جاۋ شىيەن ۋاڭ روفېي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەسلىدە سەن پىروكاتچىك ئىدىڭ، ئەمدى قارىسام موزدۇز بوپسەن!

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن! جاۋ ئاكا مېنى زاڭلىق قىلماڭ. مەن چارۋىچىلارغا ئوخشاش سۇ، ئوت قوغلىشىپ ياشايمەن، — دېدى شىشيەن، — سىزمۇ بۇ يەرگە ئىشلىگىلى كەلگەن بولسىڭىز، قالتىس ياخشى بوپتۇ. بۇ يەر ئەمدى ئاۋات بولۇپ كېتىدىغان بولدى!

— دېڭ شىشيەن، سەن يېڭىلىشتىڭ. بۇ يەردە مەن ئىشلىمەيمەن، مېنىڭ بۇ دوستۇم ئىشلەيدۇ، ئىسمى ۋاڭ روفېي بولىدۇ، گۇيجۇلۇق. سىلەر ئاۋۋال تونۇشۇۋېلىڭلار.

شۇنداق قىلىپ جاۋ شىيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شىشيەن ياش ئىنقىلابچى ۋاڭ روفېي بىلەن تونۇشتى.

— شىشيەن بۇرادەر، سەن بالدۇر كەلگەن، سالاھىيىتىڭ

كونا. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا روفېيغا كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىل. ئاڭلىسام، قولۇڭدىن كالاچ بەك تېز چىقىدىكەن، نام قازىنىپسەن. بىر جۈپ ئاددىي كالاچنى ئوبدان پۇتكۈزەلىگەن ئادەمنىڭ قولىدىن باشقا كۆپ ئىشلارمۇ كېلىدۇ!

— جاۋ ئاكا، مېنى بەك ماختىۋەتتىڭىز. خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن روفېي بۇرادەر ئىككىمىز ئۆزئارا ھەمدەمدە بولىمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، ۋاڭ روفېينىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن دېڭ شىشيەنىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە كىشىلىك ھايات يولىنى تاللىشىدا مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى.

www.uyghurkitap.com

# ياش ئىنقىلابچى (1)

ۋاڭ روفېي گۈيجۇ ئەنشۈنلۈك، 1896 ـ يىلى تۇغۇلغان، دېڭ شىشيەندىن سەككىز ياش چوڭ. ئۇ فىرانسىيەگە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا كېلىشتىن ئىلگىرى، گۈيجۇدىكى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر مۆتىۋەر زات خۇاڭ چىشيڭ ئەپەندى بىلەن بىللە ياپونىيەدە بىر يىل ئوقۇغان، 1919 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، تاغىسى بىلەن بىللە فىرانسىيەگە كېلىپ، فونتاينىبىلور جامائەت مەكتىپىدە فىرانسۇز تىلى ئۆگەنگەن، ئاندىن كېيىن لېئون ئەتراپىدىكى بىر پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىشچى بولغانىدى.

ۋاڭ روفېي هارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىغا كېلىشتىن ئاۋۋال، فىرانسىيەگە بالدۇرراق كەلگەن، يېشى نىسبەتەن چوڭ، سىياسىي تەجرىبىسى خېلى مول ئىلغار ياش بولغانلىقى ئۈچۈن، فىرانسىيەگە بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇ جۇ ئېنلەي، جاۋ شىيەن، سەي خېسېن، چېن يى، لى ۋېيخەن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار رولىنى ۋە سىياسىي تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرماقتا ئىدى.

ۋاڭ روفېي هارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىغا كېلىپ دېڭ

شىشيەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، بويى پاكارراق، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ئەمەلىيەتلىرىدە مۇستەقىللىق قارىشى ئەكس ئەتكەن بۇ سىچۇەنلىك ياشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، دېڭ شىشيەننىڭ فىرانسىيەگە كەلگەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى ئاز ـ تولا ئىگىلىگەن ۋە بۇ كەچۈرمىشلەردىن ئۇنىڭدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي ساپا بار ئىكەن دەپ قارىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئىشتىن چۈشكەن ياكى دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا دائىم دېگۈدەك مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ۋەتەندىن كەلگەن بىر قىسىم ئىلغار گېزىت ـ ژۇرناللارنى، ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىنى شىشيەننىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا بېرەتتى. بۇ ئوقۇشلۇقلارنىڭ ئارىسىدا «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، «تارىخىي ماتېرىيالىزم» ۋە «يېڭى ياشلار»، «يول باشلىغۇچى» قاتارلىقلار بار ئىدى.

لاپاس ئەتراپىدىكى دەرەخزارلىق ئىككىسىنىڭ داۋاملىق سەيلى قىلىدىغان، مۇڭدىشىدىغان جايىغا ئايلانغانىدى. بۇ ئىلغار ئىنقىلابىي كىتابلار دەرەخزارلىقتا چېچىلغان تاڭ نۇرىغا ئوخشايتتى، دېڭ شىشيەن ماركسىزم بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتى ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتا چۈشەنچە ھاسىل قىلدى، يورۇقلۇق، ئۈمىد ۋە ئىلىلىقلىقنى چىن قەلبىدىن ھېس قىلدى.

ئەينى چاغدا فىرانسىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ ھارگېنىسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدا ئىشلىگەن جېڭ چاۋلىن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشى مۇنداق ئىكەن:

بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار يېتىپ - قوپىدىغان لاپاستا قىرىق كىشىلىك ئورۇن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن، ئىككى ئادەمنى ئاشپەزلىككە چىقىرىپ تاماقنى ئۆزلىرى ئېتىپ يەيتتى. ئاشپەزلەرگە زاۋۇتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىلەتتى. ئاشخانىغا كەتكەن چىقىم ئاشكارا بولۇپ، ھەربىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك تاماق ھەققى تەخمىنەن ئۈچ فىرانك ئەتراپىدا ئىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدا بولكا بىلەن قەھۋە، چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقتا ئازراق گۆش، تۇخۇم يېيىلەتتى، ياتاقتا ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايتتى.

شىشيەنگە ئوخشاش ئايىغى چاققان ھەم چەبدەس ئىش قىلىدىغان «ئىش بېشىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان»لار بىر ئايدا ئىككى يۈز فىرانك ئىقتىساد قىلالايتتى. شىشيەننىڭ بۇ يەردە كۆڭۈللۈك ئىشلىشى ھەر ئايدىكى مۇشۇ كىرىم بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

شىشيەن ئۆزى ئىشلەپ تاپقان ھەربىر فىرانكنى ئىمكانقەدەر تېجەيتتى ھەم يىغاتتى. ئۇ فىرانسىيەگە قاراپ يولغا چىققان چاغدىكى ئارزۇسىنى ھېلىھەم ئۇنتۇپ قالمىغانىدى: ئۇ بولسىمۇ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، يەنى ئاۋۋال ئەمگەككە تايىنىپ جاپالىق ئىشلەش، ئاز - تولا پۇل غەملىۋالغاندىن كېيىن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

ئۇ ئەمگەك ئارقىلىق ئاز - تولا كىرىمگە ئىگە بولدى، ياستۇقى ئاستىدا پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىلغار

كىتاب ـ ژۇرناللار ئىشتىن بوشىغان چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى ۋە ئۇنى مەنىۋى ئىدىيە مەنزىلىگە باشلايتتى، ۋاڭ روفېيغا ئوخشاش بىر قەدەر پىشقان ئاكىلار ۋە ياش ئىنقىلابچىلار ئۇنى ئاستىرتىن كۆزىتەتتى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلاتتى ۋە يېتەكلەيتتى... دېڭ شىشيەن تۇرمۇش بوشلۇقىنىڭ بىردىنلا خېلى كېڭەيگەنلىكىنى، ھاياتقا بولغان نەزەر دائىرىسىنىڭ چەكسىزلىككە قاراپ سوزۇلغانلىقىنى، كىشىلىك ھاياتىنىڭ سۈپىتى ۋە مەنىسى تولۇقلىنىپ، خېلى يۇكسەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بىر كۈنى شىشيەن دەرەخزارلىقتا پۈتۈن دىققىتى بىلەن گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنى «جۇ ئېنلەي» ئىمزاسىدىكى بىر ئاپتورنىڭ «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى» ناملىق ماقالىسى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى.

«جۇ ئېنلەي» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئۇ بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى، ئەمما يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ جۇ ئېنلەينىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇشى مۇشۇ بىر قېتىملا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇ ئېنلەي، ۋاڭ روفېي، لى فۇچۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇر ئوقۇغۇچىلار، يەنە كېلىپ ياش «بولشېۋىكلار»دىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا جۇ ئېنلەينىڭ مۇشۇ ماقالىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ لەرزىگە كەلدى. جۇ ئېنلەينىڭ ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى: «تۇيۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يولغا كىرىپ قالغاندا جەزمەن نىشاننى ئۆزگەرتىش كېرەك؛ كۈچ - قۇۋۋەت خوراپ، ماغدۇر قالمىغاندا تېخىمۇ بىرلىشىش كېرەك. ماركس بىلەن ئېنگېلس بىردەك: دۇنيادىكى ئىشچىلار بىرلىشىڭلار! دېگەن. ئوقۇغۇچىلار بۈگۈنكى كۈندە ئويغاندى. بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن پۈتكۈل ساۋاقداشلار تېزدىن بىرلىشىڭلار...»

شىشيەنگە جۇ ئېنلەينىڭ ۋەتەن سۆيۈش ۋە ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇشتەك قىزغىن ئۈمىدكە تولغان ماقالىسىدىكى ھەربىر ئېغىز سۆز فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىزھار قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ۋاڭ روفېي دەرەخزارلىققا كىرىپ كەلدى - دە، يىراقتىن دېڭ شىشيەنگە سالام بېرىپ:

— سىنىزە، ھېچنەدىن تاپالمىدىم. سىنىڭ مۇشۇ يەرگە غىپپىدە كىرىۋېلىپ ئۆزۈڭگە «مال قاچىلايدىغان» لىقىڭنى بىلەتتىم! — دېدى.

— ھوي، روفېي بۇرادەر، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، مەن بايام بىر ياخشى ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم، بىرلىكتە ھۇزۇرلىنايلى! — دېدى شىشيەن زوق - شوق بىلەن، — ئېسىل ماقالىدىن بىرلىكتە بەھرە ئېلىش، گۈمانلىق جايلىرىنى بىرلىكتە تەھلىل قىلىش دېگەن مانا شۇ!

— ھە، سىنىڭ شۇنچىلىك قىزىقىشىڭنى قوزغىغۇدەك كىمنىڭ ماقالىسى ئىكەن؟

— جۇ ئېنلەينىڭ! سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ ئاجايىپ چوڭقۇر يېزىلىپتۇ!

— «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن

ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى» ماۋزۇلۇق ھېلىقى ماقالىنى دەۋاتامسەن؟ مەن بۇرۇنلا ئوقۇپ بولغان. مەن بۇ يەرگە ساڭا بىر خۇش خەۋەرنى دېگىلى كەلدىم...

— قانداق خۇش خەۋەر ئۇ؟ ماڭا يېڭى بىلىم ئېلىش يولىنى تاپتىڭىزمۇيا؟ — روفېينىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا تاقەت قىلالماي سورىدى شىشيەن.

— بۇ بىلىم ئېلىش يولىنى تېپىشتىنمۇ ئەھمىيەتلىك خەۋەر ! — دېدى روفېي، — شىشيەن بۇرادەر، سەن جۇ ئېنلەينىڭ ماقالىسىدىن بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئورتاق قاتنىششىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟

— توغرا بىرلەشسەك تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىكەنمىز، نېمىشقا بىرلەشمەيمىز ! پۈتۈن دۇنيا پىرولېتارلىرى بىرلىشىشى كېرەك ! ماركس شۇنداق دەپتىغۇ !

— ئەمىسە، دېگىن شىشيەن، ئالدى بىلەن سەندىن سوراپ باقاي، ناۋادا ھازىر بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇ-دىغان ھەم بىرلەشتۈرىدىغان بىر تەشكىلات بولسا، سەن قاتنى-شىشنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن ! — دېدى شىشيەن قىلچە ئىككىلەنمەي.

— بۇنداق تېز جاۋاب بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى

ۋاڭ روفېي، — سەن شۇنى بىلىۋال، بۇ تەشكىلات بىر شەخس ئۈچۈن ھېچقانچە پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ، ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئادەم بۇ تەشكىلاتتا ئۆزىنىڭ بەزى مەنپەئەتلىرىدىن كېچىدۇ. چۈنكى، بۇ تەشكىلات تېگى - تەكتىدىن كۆپ سانلىق كىشىلەرگە، جۈملىدىن پرولېتارلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە جاپاكەش خەلق ئاممىسىغا بەخت - سائادەت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ...

— ۋاڭ ئاكا، شۇنداق بولسا، مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەي-مەن! — دېدى شىشيەن، — ماڭا ئىشىنىڭ، مۇشۇ كۈنلەردە سىز بەرگەن كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇپ خېلى ئىشلارنى چۈ-شىنىپ قالدىم.

— بەللى، دېڭ شىشيەن، مۇشۇنداق دېسەڭ مەن بەك خۇشال بولىمەن. دەرۋەقە سېنى خاتا تونۇپ قالماپتىمەن! ئەمدى ساڭا دەي، بىز مۇشۇنداق بىر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمىز، جۇ ئېنلەيمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مۆرىتى كەلگەندە بىللە قاتنىشىمىز!

— ۋاڭ ئاكا، مەن سىلەر بىلەن بىللە مېڭىشنى بەك خالايمەن... — دېدى شىشيەن ۋاڭ روفېينىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ قەتئىي ھالدا.

1922 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى فىرانسىيەگە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن بارغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەشكىلات «ياۋروپادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو ياش كوممۇنىستىك پارتىيەسى» (كېيىن نامى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا

ياچېيكىسى»غا ئۆزگەرتىلگەن) پارىژدا قۇرۇلدى. ئون سەككىز ۋەكىل «ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى»نىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، قۇرۇلتايدا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى «ئىجرائىيە كومىتېتى» سايلاپ چىقىلدى. جاۋ شىيەن باش سېكرېتار، جۇ ئېنلەي تەشۋىقات ھەيئىتى، لى ۋېيخەن تەشكىلات ھەيئىتى بولدى. «ئىجرائىيە كومىتېتى»نىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى پارىژ شەھىرى 13 ـ رايون گودفولوۋا كوچىسى 17 ـ نومۇرلۇق مېھمانخانا بىناسىدا تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى يازدا خارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان دېڭ شىيەن ئون سەككىز ياشقا تولغان كۈننى كۈتۈۋېلىش بىلەن بىللە، شەرەپ بىلەن «ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى» گە كىردى ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەڭ ياش «بولشېۋىك»لىگە ئايلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دېڭ شىيەننىڭ ھاياتى ماركسىزم، پىرولېتارىيات سىنىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم ئىشلىرى بىلەن مەھكەم بىرلىشىپ كەتتى. ئۇ ئىنقىلاب بىلەن ئۆتكەن كېيىنكى ھاياتىدا سان ـ ساناقسىز بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتى، قىزغىنلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ياش ئىنقىلابچى (2)

دېڭ شىشيەن ھارگېنىسىن كاۋچۇك زاۋۇتىدا ئىشلىگەن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، كۈنلىرىنى ئىقتىسادچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئازراق پۇل يىغقانىدى. 1922 ـ يىلى دادىسى سىچۈەندىن ئۇنىڭغا ئازراق پۇل ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئىي ھالدا قەلبىگە ئورناپ كەتكەن ھېلىقى بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1922 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دېڭ شاۋشېڭ بىلەن بىللە ھارگېنىسىن كاۋچۇك زاۋۇتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا سوراپ، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شالەيتېر شەھىرىدىن ئايرىلدى. ئۇلار سىنا ـ سادىرون تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىش ئۈچۈن ئانكېت تولدۇردى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ داۋاملىق بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە پايپېتەك بولۇپ، يېڭى جايغا بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئەمما، ئۇلار ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 1923 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شالەيتېر شەھىرىدىكى ھارگېنىسىن كاۋچۇك زاۋۇتىغا يەنە قايتىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى يىغقان پۇلى ۋە ئائىلىسى ئەۋەتكەن ئازغىنا پۇل ئوقۇش راسخوتىغا چىقىش قىلمىغاچقا، سىجىل بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ فىرانسىيەدىكى بىلىم ئېلىش ئارزۇسى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى. ئۇ كېيىنكى ھاياتىدا «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى» سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى»دا بىلىم ئالغاندىن سىرت، ھەرقانداق مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرىپ بىلىم ئېلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىدە ھازىرلانغان بىلىم جۇغلانمىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتىن، خىزمەت ۋە ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدىن ئالدى.

1923 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دېڭ شىشيەن، دېڭ شاۋشېڭ ئىككىسى ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىغا كېلىپ داۋاملىق كالاچ ياساش سېخىدا ئىشلىدى. شىشيەن بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئۆگەندى. ئۇ بۇ مەزگىلدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ماركسىزم ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن «ماركسىزم قائىدىلىرى»، «ماركسنىڭ ئىقتىساد تەلىماتى»، «كوممۇنىزم نىشانى»، «كاپىتال» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىشيەن مەسلەكداشلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ھارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئاساس قىلىپ، «كوممۇنىزم تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇندانى شۆبىسى»نى تەشكىللەپ، ئىلغارلىققا، ئىنقىلابقا ئىنتىلىدىغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلدى.

www.uyghurkitap.com

شىشيەن قانداقلا ئىش بولسۇن، شۇنچىلىك چاققان قىلاتتى. ئۇ قېلىن «كاپىتال» ناملىق كىتابتىن بىر قىسىم مۇھىم دەپ قارىغان ھەممە ئاۋام قوبۇل قىلالايدىغان جايلارنى كۆچۈرۈۋېلىپ، فىرانسىيە كومپارتىيە تەشكىلاتى تەسىس قىلغان ئورگان گېزىتى — «ئىنسانپەرۋەرلىك گېزىتى»دىن بىر قىسىم مۇھىم خەۋەر ۋە نەزەرىيەۋى ماقالىلەرنى قىيىۋېلىپ، ھەر قېتىملىق مۇزاكىرىدە كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرەتتى.

ئەينى چاغدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسى»نىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى جۇ ئېنلەينىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر ياچېيكا ئۆزىنىڭ «ياشلار» ناملىق ئورگان ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغانىدى. «ياشلار» ژۇرنىلى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن فىرانسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپ، غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتاتتى. ژۇرنالغا بېرىلگەن ماقالىلەرنى جۇ ئېنلەي قاتارلىق كىشىلەر يازغانىدى. بۇ ژۇرنالنى شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتى. ژۇرنال قولدىن - قولغا ئۆتەتتى، مۇلاھىزە ۋە مۇزاكىرىلەر بولۇپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە تېمىسى بەزىدە «ياشلار» ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالىلەردىن، بەزىلىرى ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن، يەنە بەزىلىرى ئىشلەپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىي سوئال ۋە تەسىراتلىرىدىن چىقىرىلاتتى.

ئۇلار رۇسىيە ئىنقىلابى، فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىزم يولى مەسىلىلىرى ئۈستىدە، يەنە بىر قىسىم

ئوقۇغۇچىلار ئارزۇلىغان ھەم تەشەببۇس قىلغان «ئوقەتچىلىك يولى بىلەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش»، «دۆلەت سوتسىيالىزمى» قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشاتتى...

ماۋماۋ ئۆزىنىڭ كىتابىدا دادىسىنىڭ ماركسىزمنى دەسلەپكى قەدەمدە قوبۇل قىلغان چاغلىرىنى ئەسلەپ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«... ئەمگەك قىلىش داۋامىدا، ئىلغار ساۋاقداشلارنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمى، فىرانسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مېنىڭ ئىدىيەمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ماركسىزمغا دائىر بىر قىسىم ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشتىم. جۇڭگولۇق ۋە فىرانسىيەلىك بەزى كىشىلەر قاتناشقان كوممۇنىزم تەشۋىق قىلىنغان يىغىلىشلارغا قاتناشتىم. مەندە ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا ئىشتىراك قىلىش تەلىپى ۋە ئارزۇسى پەيدا بولدى...»

1926 ـ يىلى دېڭ شىشيەن پارتىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن فىرانسىيەدىن ئايرىلىپ، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن، ھارگېنىسپىن كاۋچۈك زاۋۇتىدىكى ئاشۇ چاغلاردا ئۆزىدە كۆرۈلگەن مەنىۋى ئۆزگىرىشلەرنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن:

«... تۇرمۇش ئازابى، كاپىتالىستلارنىڭ قولچومىقى بولغان ئىشبېشىلىرىنىڭ تىل ـ ھاقارىتى ماڭا ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە يوسۇندا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ جىنايىتىنى ھېس قىلدىم. رومانتىك تۇرمۇش سەۋەبىدىن مەندە چوڭقۇر ئويغىنىش بولمىدى. كېيىن بىر ياقتىن سوتسىيالىزمغا دائىر، بولۇپمۇ كوممۇنىزمغا دائىر بىلىملەرنى قوبۇل قىلدىم، يەنە بىر ياقتىن ئويغانغانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى بېشىمغا كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر قوشۇلۇپ...». ئۇ ئاخىرى قىلچە تەۋرەنمەستىن كوممۇنىستىك ئىنقىلاب يولىنى تاللىدى.

دېڭ شىشيەن 1922 ـ يىلى يازدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسىغا ئەزا بولدى. سۇ پوشىڭ ۋە ۋاڭ زېكەي ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغۇچى بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشلار ئىتتىپاقىغا قەسەم بېرىپ كېڭەش مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ئارىسىدا فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ياش ئايال ئىنقىلابچى سەي چاڭ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

1923 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دېڭ شىشيەن هارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىدىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلدى. هارگېنسېن كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلار كارتىسى ئارخىپىدا ئۇنىڭ زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىشى سەۋەبى «خىزمەتنى رەت قىلغان» دەپ يېزىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ زاۋۇتتا ئىشلەشنى خالىمىغانلىق ئۈچۈن ئەمەس، يېڭى بىر ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغىلى پارىژغا بېرىش ئۈچۈن زاۋۇتتىن چېكىنگەنىدى.

ئۇ ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ئەڭ ياش بىر ئەزاسى سۈپىتىدە تېزلا ئۆسۈپ يېتىلدى ۋە پىشتى. مۇقەددەس ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغۋار غايە ئۇنى كەسپىي ئىنقىلابچى بولۇش مەنزىلىگە قەدەم قويۇشقا چاقىراتتى ۋە يېتەكلەيتتى...



# «شاپىگراف دوكتورى»

1923 ـ يىلى يازدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسى» پارىژدا 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايدا يېڭى بەنزە سايلاپ چىقىلدى، جۇ ئېنلەي سېكرېتار بولدى، لى فۇچۈن ۋە يىڭ كۈەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەشۋىقات ۋە تەشكىلات خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئون توققۇز ياشلىق دېڭ شىشيەن شۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ تولۇقلاپ سايلاندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئادەتتىكى بىر ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسىلىقىدىن ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىردى. شۇ قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئەسلىدىكى ئورگان ژۇرنىلى — «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ نامىنى «قىزىل نۇر»غا ئۆزگەرتىپ، داۋاملىق نەشر قىلىش قارار قىلىندى.

شىشيەن پارىژغا كېلىشتىن ئىلگىرى «ياشلار» ژۇرنىلى ماركسىزم ۋە كوممۇنىزم تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان ژۇرنال ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە ماقالە يېزىش ۋەزىپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاساسىي جەھەتتىن جۇ ئېنلەيگە يۆكلىنىپ قالغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسىنىڭ 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئىجرائىيە كومىتېتى خىزمەت ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان دېڭ شىشيەننى «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن شىشيەن ئۆزۈن يول ئازابىنى تارتىپ پارىژدىكى گودفولوۋا كوچىسى 17 ـ نومۇرلۇق بىناغا كەلدى.

ــ يولداش جۇ ئېنلەي، ياخشىمۇسىز؟ دېڭ شىشيەن ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كەلدى! ــ شۇنداق دەپ ئىشىكتىن كىرگەن شىشيەن ئىشداشلىرى بىلەن قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق مۇزاكىرىلىشىۋاتقان قامەتلىك ھەم كېلىشكەن جۇ ئېنلەينى كۆردى.

ــ ھە، دېڭ شىشيەن! كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدۇ! ــ دېدى جۇ ئېنلەي شىشيەننى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا بېرىپ، ــ بەك تېز يۆگۈرىدىكەنسىز، چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ! ئاۋۋال ئولتۇرۇپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ، ئاندىن پاراڭلىشىمىز.

ــ مەن ھارمىدىم، سەل تەشۋىشلىنىپ تۇرىمەن! ــ دېدى شىشيەن جۇ ئېنلەينىڭ قولىدىن كۆرۈشكىنى ئېلىپ، ــ سېكرېتارنىڭ تېزدىن خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن!

ــ ئالدىرىماڭ، ئالدىرىماڭ، ئاشخانا، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇندىمۇ؟

— ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى، يولداشلار بەك قىزغىن ئىكەن. راستىنلا «ئۆز ئۆيۈمگە كەلگەن» دەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم.

— توغرا، توغرا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر سىزنىڭ، ياق، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئائىلىسى ! كېلىڭ، مەن سىزگە بىزنىڭ «ئىشخانىمىز»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ چىقاي، — جۇ ئېنلەي شۇنداق دەپ شىشيەننى بىر خىزمەت ئۆيىگە باشلىدى.

تەخمىنەن ئون نەچچە كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە ئۆيگە بىر كارىۋات، بىر ئۈستەل بىلەن بىر نەچچە ئورۇندۇق ۋە بىر نەچچە ئاددىي ئۆي جاھازلىرى قويۇلغانىدى. ئۈستەلدە ئاددىي بىر شاپىگراف ۋە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە پولات تاختاي، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئېگىز قىرلاپ قويۇلغان كىتاب ـ ژۇرنالغا مۇناسىۋەتلىك بىر دۆۋە ماتېرىيال ۋە كېسىپ تەييارلانغان بىر مۇنچە قەغەز تۇراتتى.

— يولداش شىشيەن، سىز ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟ كۆپچىلىك كۆرۈۋاتقان «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانى مانا مۇشۇ كاتەكتەك ئۆيدىن چىقىدۇ، — دېدى جۇ ئېنلەي ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — بۇ يەر ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسى ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە «ياشلار» ژۇرنىلى رېداكسىيەسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى.

— بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەر سىزنىڭ ياتىقىڭىزدەك قىلىدۇ، — دېدى شىشيەن ھەيران بولۇپ، — ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولاتتىم. بىر پارچە ئۇلۇغ ژۇرنال مۇشۇنداق تارچۇق ئۆيدە دۇنياغا كەلگەنىكەن !

www.uyghurkitap.com

— شۇڭا، ئۇلۇغ ھاياتنىڭ ئۇلۇغ ئۆيدە، ئۇلۇغ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئورنىدا دۇنياغا كېلىشى ناتايىن دەيمىز، — دېدى جۇ ئېنلەي قىزىقچىلىق قىلىپ.

— توغرا، توغرا. «جىڭشەن تېغىدا بولسىمۇ ئەنقا، خىيالى پەلەكتە پەرۋاز قىلىدۇ، زېشۈينى ماكان ئەيلىگەن ئەجدىھامۇ ھەم، دېڭىزغا كەتمەكنى خىيال قىلىدۇ» دېگەن مانا مۇشۇ.

— بەلەن گەپ قىلدىڭىز، — دېدى جۇ ئېنلەي مەمنۇنىيەت بىلەن، — دېڭ شىشيەن، بويىڭىز پاكار بولغىنى بىلەن غايىڭىز يۈكسەك ئىكەن، يەنە كېلىپ ئىرادىلىك ئىكەنسىز، يولداشلارنىڭ كۆزى خاتا تونۇماپتۇ!

— بەك ماختىۋەتتىڭىز! — دېدى شىشيەن، — مەن سىزنىڭ ھەم باشقا يولداشلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمايمەن. ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن!

— ياخشى، ياخشى! بىر ئىنقىلابچى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى جۇ ئېنلەي شىشيەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، — ماركس خېلى بۇرۇنلا: «ناۋادا بىز ئىنسانىيەتنى پاراۋانلىق ۋە مېھنەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان كەسىپنى تاللىغان بولساق، ئۇ چاغدا ھەرقانداق ئېغىر يۈكمۇ قەددىمىزنى پۈكەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ كۆپچىلىك ئۈچۈن قۇربان بېرىشتۇر. بىز ھېس قىلغان نەرسىلەر چەكلىك، شەخسىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئەمەس، بىزنىڭ بەختىمىز مىليونلىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ؛ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز جىمجىت، ئەمما رولىنى ئەبەدىي جارى قىلدۇرغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ بىزنىڭ جەسەت كۆلىمىز ئالدىدا ئالىيجاناب كىشىلەر ياش

تۆكىدۇ...» دېگەنىدى.

ماركسنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى شىشيەنگە خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى. بىراق، بۈگۈن جۇ ئېنلەي بۇ بىر ئابزاس سۆزنى جىياڭسۇ خۇيئەن تەلەپپۇزىدا قايتىلىدى. شىشيەننىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز ھالدا بىر خىل يۈكسەك ھەم تەنتەنىلىك قايناق ھاياجان كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئالدىغا بىرقەدەم مېڭىپ جۇ ئېنلەينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— يولداش جۇ ئېنلەي، بۇ گېپىڭىزنىڭ ۋەزنىنى چۈشەندىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ... — دېدى.

— ئەمىسە، كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشايلى...

ياۋروپادا تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسى دېڭ شىشيەننى جۇ ئېنلەينىڭ «ياشلار» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجرائىيە كومىتېتى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى تاپشۇرۇش مەقسىتىدە يۆتكەپ كەلگەنىدى. ئورگان راسخوتى قىس بولغانلىقتىن، شىشيەن كۈندۈزى يەنىلا سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەپ تۇرمۇش راسخوتى غەملەپ، كەچقۇرۇن خىزمەت ئۆيىگە قايتىپ، جۇ ئېنلەي بىلەن بىللە ژۇرنالنى تۈزۈش - بېسىش ئىشلىرىنى قىلاتتى.

— شىشيەن مەن سىزنىڭ پوچېركىڭىزنى تەپسىلىي تەتقىق قىلدىم. يازغان خېتىڭىز ئۈستىخانلىق، ئاساسىڭىز ياخشى ئىكەن. سىزىق، چېكىتلىرى ئېنىق، «ليۇ ئۇسلۇبى»نىڭ ئاز - تولا پۇرىقى بار ئىكەن، «سۇجىن ئۇسلۇبى»غىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىكەن. بۇ موم قەغەزگە خەت يېزىش تەلىپىگە

www.uyghurkitap.com

بەك ئۇيغۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ خېتىنى شام قەغەزگە يېزىش خىزمىتى سىزگە قالدى، — دېدى جۇ ئېنلەي شۇ كۈنى كەچتە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

— بەك ماختىۋەتتىڭىز، مەن بۇنداق ماختاشقا مۇناسىپ ئەمەس. گۇاڭئەن خۇسۇسىي مەكتەپ خەلپىتىنىڭ بەرگەن ساۋىقىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك.

— قارىغاندا، جۇڭگو خۇسۇسىي مائارىپىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىشقىلىپ بۇنىڭغا بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە قاراش ئىكەن.

— شۇنداق! شۇ چاغدا خەتنىڭ بۇگۈنكىدەك بۇنچىلىك چوڭ رولى بارلىقىنى بىلگەن بولسام. خەتنى بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق يېزىشنى ئۆگەنگەن بولاتتىم.

ئىككىسى كۈلكە - پاراڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ چىقىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى سانىنى تۈزۈپ، بېسىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

سارغۇچ چىراغ نۇرى ئاستىدا، جۇ ئېنلەي بېكىتىپ بولغان بىر قىسىم ماقالە ئارگىناللىرىنى شىشيەنگە بەردى. شىشيەن چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ماقالە ئارگىناللىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى، بەت سانى ۋە تەرتىپىنى سىلىشتۇردى، ئاندىن كىچىككىنە پولات تاختاي ئۈستىگە قويۇپ، تۆمۈر قەلەم بىلەن موم قەغەزگە يېزىشقا باشلىدى.

ئۇ گەرچە بۇ خىزمەتنى تۇنجى قېتىم قىلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ خىزمەتنى قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. بۇ بىر پارچە كىچىك ژۇرنال كۆزدە يەر -

جاھاننى قاپلىغان ماكاپ چېچەكلىرىدەك ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى پارىژغا، پۈتكۈل ياۋروپاغا، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، ئەمگەكچى خەلققە ھەقىقەت، يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ! ئالىقانچىلىك ژۇرنال ماركسىزم ۋە كوممۇنىزم ھەرىكىتى ھەقىقىتىنى ئىلغارلىققا تەلپۈنىدىغان ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىگە چاچىدۇ...

نەچچە ئاخشام ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈپ كەتتى. شىشيەن ئاخىرى «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانىنى شام قەغەزگە تۆمۈر قەلەمدە يېزىپ، شاپىگرافتا بېسىپ ۋە تۈپلەپ قولىدىن چىقاردى. شام قەغەزگە يېزىلغان سىزىق - چېكىتلەردىن ھاسىل بولغان خەتلەرنى، شاپىگرافتا بېسىلىپ تۈپلەنگەن ھەربىر ژۇرنالنى كۆرۈپ، چەكسىز قانائەت ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

شىشيەن: بۇ ژۇرنال يات ئارىدا قانات چىقىرىپ پارىژ ۋە پۈتكۈل ياۋروپانى ئايلىنىپ ئۇچىدۇ، زاۋۇت سېخلىرىغا ۋە مەكتەپلەرگە تارقىلىدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا تېگىدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئۆز خىزمىتىدىن كۆرۈلگەن ئۈنۈمنىڭ قانداقتۇر بىچارە، چەكلىك ۋە خۇسۇسىي ھۇزۇر - ھالاۋەت بولماستىن، بەلكى ئۆز بەختىنىڭ مىليونلىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھەقىقىي ھېس قىلدى...

— مەن دېگەن ئەمەسمىدىم! دېڭ شىشيەن دېگەن دېڭ شىشيەن، مەيلى قايسىلا ئىشنى قىلسۇن قاملاشتۇرۇپ قىلىدۇ، —

دېدى جۇ ئېنلەي خۇشاللىقىدا شىشيەننى ماختاپ، — بارىكاللا! نېمىدېگەن چىرايلىق، بۇ مەن دەسلەپتە موم قەغەزگە خەت يازغاندىكىدىن ياخشى چىقىپتۇ! شىشيەن، سىزنى تەبرىكلەش كېرەك!

شۇنىڭدىن كېيىن شىشيەن كۈندۈزى سىرتتا ئىشلەپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەن هامان ژۇرنالنىڭ شام قەغەزگە خەت يېزىش، بېسىش ئىشلىرىنى بىرلىپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىك خىزمىتى جۇ ئېنلەينىڭ، ھەرقايسى يولداشلارنىڭ ھەم مۇشتەرىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كۆرەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ نامى «قىزىل نۇر» غا ئۆزگەرتىلدى، رېداكسىيەنىڭ ئۇسلۇبىمۇ بۇرۇنقى نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشتىن تېخىمۇ كۆرەشچان ھەم تېخىمۇ رېئال نىشانغا ئەھمىيەت بېرىشكە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىدى.

شىشيەن تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا كۆپ تەجرىبىلەرنى ئۆگەنگەندى. ئۇ يۇرەكلىك ھالدا تەكلىپ بېرىپ ھەم ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، «قىزىل نۇر» ژۇرنىلى ئۈچۈن ئىنقىلابىي جاسارەتكە ۋە جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش روھىغا ئىگە مۇقاۋا ئوبرازىنى لايىھەلىدى: بۇ لايىھەدە غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغان بىر سەبىي بالا، بىر قولىدا بۇرغا، بىر قولىدا ئەلەم، تاڭ نۇرىدا زېمىنغا قەدەم قويۇپ باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى... بۇ سەبىي بالىنىڭ قەتئىي ۋە ئۈمىدۋار ئوبرازى ئەركىنلىك، ئۈمىد ۋە ياشلىق باھارىنىڭ سىمۋولى ئىدى، شۇنداقلا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئۇلۇغ

ھەقىقەت بىلەن كۈچ - قۇۋۋەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى.

— بارىكاللا! بۇ يالىڭاچ سەبىي بالىغا قاراڭ، ھېچنېمىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بالا دەل بارلىق پىرولېتارلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ بىپايان زېمىندا تۇرۇپ پۈتۈن دۇنياغا: ئەتە بىزنىڭ ھەممە نېمىمىز بولىدۇ، دەپ جاكارلاۋاتىدۇ! — جەڭگىۋارلىققا ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچكە تويۇنغان بۇ مۇقاۋا ئوبرازىنى جۇ ئېنلەي ۋە باشقا يولداشلار بىردەك ماختاپ شۇنداق دېدى.

— مەن ئەسلىدە دېڭ شىشيەننى تەمكىن ۋە ئەستايىدىل دەپ ئويلىغانىدىم. سىزنىڭ يەنە شائىرانە تەپەككۇرغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن! — دېدى جۇ ئېنلەي.

«قىزىل نۇر» ژۇرنىلى يېرىم ئايلىق، 16 فورماتلىق، ھەربىر سانى ئون نەچچە بەتلىك، بېرىلگەن ماقالىلەر قىسقا، شەكلى كۆپ ھەم جانلىق ژۇرنال ئىدى. شۇڭا، بۇ ژۇرنال مۇشتەرىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن كۈندىن تارتىپ فىرانسىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن بارلىق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، تارقىتىش مىقدارىمۇ بۇرۇنقى ئاساستا خېلى كۆپ ئاشتى. ژۇرنال ياش ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن «كۆرشىمىزنىڭ ئاۋانگارتى»، «فىرانسىيەدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ چولپىنى» دەپ تەرىپلەندى.

دېڭ شىشيەن خەت ئويۇش ۋە شاپىگرافتا بېسىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشتىن باشقا، بەزىدە «دېڭ شىشيەن» دەپ ئۆز ئىسمىدا ياكى تەخەللۇس قوللىنىپ ئېقىم مەسىلىلىرى توغرۇلۇق ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوبزور يازاتتى. ئۇ يازغان ماقالىنىڭ تىلى ئۆتكۈر، كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋار ئىدى.

شۇ چاغلاردا، جۇ ئېنلەي ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بولۇپ، داۋاملىق گېرمانىيە، بېلگىيە قاتارلىق جايلارغا يىغىنغا ياكى باشقا ئىشلارغا كېتىپ قالاتتى. شۇڭا، دېڭ شىشيەن كۆپ هاللاردا «قىزىل نۇر» ژۇرنىلىنىڭ ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، سەھىپىلەر بويىچە تەھرىرلەش، شام قەغەزگە يېزىش، بېسىش ۋە تۇپلەش ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇنلايتتى. ئۇ داۋاملىق چىراغ يورۇقىدا تاڭ ئاتقۇچە ئالدىراش ئىشلەيتتى، بەزىدە تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى...

بۇ ژۇرنالنىڭ خەتلىرى ئوچۇق، كۆركەم، تۇپلىنىشى رەتلىك بولغاچقا، هەر بىر سان ژۇرنالنى كۆرگەن يولداشلار ۋە دوستلار بىردەك قىزىقچىلىق قىلىپ دېڭ شىشيەننى «شاپىگراف دوكتورى» دەپ قويياتتى.



# خەير - خوش، فرانسىيە

ۋاقىت ئۆتمەكتە، دېڭ شىشيەن ئىنقىلاب سېپىدە كۈنسېرى ئىلگىرىلىمەكتە ھەم ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ئىدى.

تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، تالانتى يېتىلگەن، تالىپلارغا خاس خاراكتېرىنى چۆرۈپ تاشلىغان، بىر ياش ئىنقىلابچى قەلبىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار غايىگە ۋە ئۇلۇغ ئىشلارغا يۈزلەنمەكتە ئىدى.

ياۋروپادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 2 -، 3 - ۋە 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دېڭ شىشيەن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بەزى كونكرېت رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە كۆپرەك ئارىلىشىدىغان ھەم بۇ خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى.

1924 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنگىچە، ياۋروپادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى پارىژدا ئېچىلدى. دېڭ شىشيەن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلىنىپ، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياشلار ئىتتىپاقى سېكرېتارىياتىنىڭ ئۈچ نەپەر يادرولۇق رەھبىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياش رەھبەر بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە

ئىچى تۈزۈمى بويىچە، ياشلار ئىتتىپاقى (ياچپىكا) ئىجرائىيە كومىتېتىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتىگەن ھەرقانداق ھەيئەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولالايتتى. شۇڭا، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا دېڭ شىشيەن رەسمىي كومپارتىيە ئەزاسى بولدى. بۇ چاغدا ئۇ بىر ئايدىن كېيىن يىگىرمە ياشقا كىرەتتى.

شۇ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچپىكىدىكى بىر قىسىم غوللۇق رەھبەرلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشكە قاتنىشىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەتەنگە قايتتى. بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلىپ، كېيىن ۋەتەنگە قايتتى.

جو ئېنلەي ياۋروپادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى تۇگىتىپ، تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىنقىلابىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا، دېڭ شىشيەن ئۆزىگە مېھرىبان ئاكىسىدەك كۆيۈنگەن ھەم ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان بۇ سەپدىشىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ جو ئېنلەينىڭ قولىنى ئۆزۈنغىچە قويۇپ بەرمىدى.

ــ يولداش شىشيەن، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز جومۇ! سىز بۇ يەردە ئۆز ئورنىڭىزدا چىڭ تۇرۇپ، رولىڭىزنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇڭ! ــ دېدى جو ئېنلەي

شىشىيەنگە تاپىلاپ، — خوش ئەمىسە، بىز يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆز دۆلىتىمىزدە ئوخشاش بىر ئاكوپتا كۆرۈشكەيمىز !

— جەزمەن، جەزمەن شۇنداق بولىدۇ ! ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ. ئاكا ! مەن سىزنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىمەن ! دېدى شىشيەن، — بۇ مېھرىبان ئاكىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

جۇ ئېنلەي ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، «قىزىل نۇر» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈك ئاساسەن شىشيەننىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ ماقالە تەھرىرلەش، شام قەغەزگە يېزىش، بېسىش ئىشلىرىدىن باشقا، ئۆتكۈر قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ تۈرلۈك جەڭگىۋار ماقالىلەرنى يازدى.

1924 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئەينى چاغدا پارىژدىكى «دۆلەتپەرۋەر ياشلار پىرقىسى»نىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيەدىكى بىر قىسىم ئەزالىرى «جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت بايرىمى»نى تەبرىكلەش نامىدا تەپ تارتماستىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ بەش خىل رەڭلىك بايرىقىنى ئېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ چىرىك شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىگە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان دېڭ شىشيەن قاتارلىق 100دىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ئۇلار بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلدى. دېڭ شىشيەن شەخسەن ئۆزى ماقالە يېزىپ «قىزىل نۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ، «دۆلەتپەرۋەر ياشلار پىرقىسى»نىڭ رەزىل ۋە ياسالما قىياپىتىنى پاش قىلدى ھەم سۆكتى.

www.uyghurkitap.com

«... ئۆزلىرىنى ۋەتەن قۇتقۇزۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە فرانسىيەدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ داھىيسى دەۋالغان ئاتالمىش ياشلار پىرقىسى رىياسەتچىلىك قىلغان ‹دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى›، ئەمەلىيەتتە ‹لەرزان مۇزىكا›غا كەلتۈرۈپ ‹تولغىنىپ› ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار بىر كىچە شۇنداق قىلدى. بۇ ياشلار پىرقىسى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، شۇنداقلا ئۇسسۇل بەزمىسى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بۇ پائالىيەتنى ‹فرانسىيەدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى› دەۋالدى. قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق! ... ھازىر ئېلىمىزدە جەنۇبىي ئەنخۇيدىن جەنۇبىي جۇڭگوغىچە، شەرقىي شىمالدىن شىمالىي جۇڭگوغىچە ھەممە يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار بولسا پارىژدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈۋاتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغان ئىش. بۇنى قانداقمۇ ئىنقىلابىي پائالىيەت دېگىلى بولسۇن!»

شىشيەن ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، بىر ياش ئىنقىلابچىنىڭ ئېنىق سىياسىي مەيدانىنى ۋە كۆتۈرەڭگۈ، جەڭگىۋار قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

1925 ـ يىلى ئەتىيازدا، دېڭ شىشيەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسىنىڭ ئالاھىدە خادىمى سۈپىتىدە لىئون رايونىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ شۇ يەردە پارتىيە ۋە ئىتتىپاق خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ھەقىقەتەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى! بىردەم

پارتىيىگە، بىردەم لېنىنغا يۈكۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەھمىيەتلىك خىزمەت، كۈرەش ۋە ئالدىراشلىق داۋامىدا، ئۇ بىر ئىنقىلابچىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۈچلۈك ھېس قىلدى.

1925 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شاڭخەيدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە سالغان «30 ـ ماي ھەرىكىتى» پارتلىدى! جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاھانگىرلىككە ۋە شىمالىي مىلىتارىستلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاممىۋى ھەرىكىتى تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيدى.

خەۋەر ياۋروپاغا، جۈملىدىن فىرانسىيەگە تارقالغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياچېيكىسى ۋە ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسى دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقلار پارىژدىكى سېنا دەرياسى بويىدا جاھانگىرلىككە قارشى زور كۆلەملىك كۈرەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

دېڭ شىشيەن شۇ چاغدا لىئوندىن پارىژغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ياش ئىنقىلابچى ۋە ياچېيكا رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇ قېتىملىق ھەيۋەتلىك نامايىشقا قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سالاھىيىتى پارىژ ساقچىلىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار مەخپىي ھالدا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى ھەمدە ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

www.uyghurkitap.com

دېڭ شىشيەن تېخىمۇ كۆپ ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1925 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پارىژدىكى مەشھۇر رېنو ئاپتوموبىل زاۋۇتىنىڭ سىلېسارلىق سېخىغا كىردى. «سىلېسارلىق سالاھىيىتى» ئۇنىڭ ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوزغاپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئاتلاندۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى نىقاب بولدى.

ئەمما، كۆپلىگەن ئىلغار ياشلار، پائالىيەتچان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ يوشۇرۇن نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى، كېيىنكە مەخپىي پايلاقچى قويۇلۇشى، ھەتتا قولغا ئېلىنىپ كېتىلىشىگە ئەگىشىپ، شىشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى خەتەرلىك ۋە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېيىنكى كۈرەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شىشيەن ۋە باشقا ئون توققۇز يولداشنىڭ پارىژدىن كېتىشىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قىزىل سوۋېت ئىتتىپاقىغا ــ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى ۋە لېنىننىڭ يۇرتى موسكۋاغا بېرىپ «جۇڭشەن ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئوقۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار بولۇپ تۇرۇشى توغرىسىدا قارار چىقاردى.

دەرۋەقە، 1926 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى فرانسىيە ساقچىلىرى تۇيۇقسىز ھەرىكەتكە كېلىپ، دېڭ شىشيەن

قاتارلىقلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ۋە ئۇلار تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىنى ئاختۇردى. ساقچىلارنىڭ نىشانى «كوممۇنىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان جوڭگولۇقلارنى ئىنقىلاپ تېپىش» ۋە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ياۋروپادا تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇلىنى قولغا ئېلىش ئىدى.

بىراق، ساقچىلار دېڭ شىشيەن قاتارلىقلارنىڭ تۇرالغۇسىغا بارغاندا، بۇ يەردە ھېچكىم يوق، ئۆي قۇرۇق ئىدى، ھەتتا قەغەز پارچىلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.

ساقچىلار قولغا ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىر كۈن ئىلگىرى مەخپىي ھالدا ھوشيارلىق بىلەن پارىژ ۋوگزالىغا بېرىپ، شۇ يەردىن شەرققە قاراپ ماڭغان خەلقئارا پويىزغا غىپپىدە چىقىۋالدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

1926 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاڭ سەھەر ۋاقتى، پارىژ قىشلىق ئۇيقۇسىدا ياتقان، يېڭى بىر كۈننىڭ قۇياشى تېخى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلمىگەن چاغ ئىدى.

كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىنقىلابچى دېڭ شىشيەن ۋە ئۇنىڭ مەخپىي ھالدا پارىژدىن ئايرىلغان باشقا سەپداشلىرى ــــ قايناق ھېسسىياتى مەۋج ئۇرۇپ، كۈرەش ئىرادىسى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ياشلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈدۈك ئاۋازى ئىچىدە يېپيېڭى بىر ئىنقىلاب مەنزىلىگە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى.

خەير ـ خوش، پارىژ! گۈزەل ھەم جەلپكار شەھەر، خەير ـ خوش!

خەير ـ خوش، فىرانسىيە! مەن ۋە مېنىڭ دوستلىرىم، سەپداشلىرىم بەش يىل ياشىغان، خىزمەت قىلغان، كۈرەش

www.uyghurkitap.com

قىلغان جاي !

شىشيەن تاڭ يورۇقىدا دەم كۆرۈنۈپ ـ دەم كۆرۈنمەي تىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پارىژ كوچىلىرىغا، بارا ـ بارا كەينىدە قېلىۋاتقان فىرانسىيە زېمىنىغا قاراپ كۆڭلىدە تەنتەنە بىلەن شۇنداق دېدى.

تالاي يىللاردىن كېيىن، دېڭ شىشيەن ۋەتەن قوينىغا ئىلگىرىكى سىچۇەنلىك ئۆسمۈر ئوقۇغۇچى، سادda بالا ئىنقىلابچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى يېتىلگەن ياش ئىنقىلابچى، مۇنەۋۋەر پىرولېتارىيات جەڭچىسى ۋە ئېتىقادى مۇستەھكەم كوممۇنىزمچى سۈپىتىدە قايتىپ كېلەتتى.

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2008 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2008 - يىلى 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海人民美术出版社 2008 年 1 月第 1 版，2008 年 1 月第 1 次印刷本翻译出版。

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

---

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سىيىت ئارچىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8
نەشرى: 2011 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2011 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 − 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14385 - 6
باھاسى: 19.00 يۈەن

---

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي [illegible] قوشلۇق

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

جۇ ئېنلەينىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

سۇن جۇڭشەننىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى

جازا مەيدانىدىكى توي

جاسارەتلىك گېنېرال خەن شيەنچۇ

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇستازى شۈ تېلى ھەققىدە ھېكايە

زېمىن قىزى — سىمېدلىي ھەققىدە ھېكايە

ئانا ۋەتەن ئۈچۈن

ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئۈچ ئۆسمۈر (1)

ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئۈچ ئۆسمۈر (2)

ISBN 978-7-228-14385-6
9 787228 143856 >
定价：19.00 元